# ئۆلمەس ئۇممەت



مۇھەممەد ئەلى ئەمىن

ئوقۇغىن تەلىم مەركىزى

ئوقۇرمەنلەر سەمىگە..

قولىڭىزدىكى مەزكۇر كىتابچە، ئۇستاز مۇھەممەد ئەلى دوكتور راغىب سىرجانىينىڭ «أمة لن تموت» دېگەن كىتابىنى ئەھۋالىمىزغا ئۆزلەشتۈرۈپ سۆزلىگەن ئىككى قېتىملىق دەرس بولۇپ، ئاۋازلىق ۋە سىنلىق نۇسخىسى ئىنتېرنېتتا تارقىتىلغان. ئەھمىيىتى بار دەپ قارالغاچقا، كىتاب قىلىنىپ ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خىزمىتىمىزنى قوللاپ، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملىرىنى ئايىمىغان قېرىنداشلىرىمىزغا ئاللاھتىن بەرىكەت ۋە ئەجىر تىلەيمىز.

# ئۆلمەس ئۆمەر

كومپيۇتېردا:

ئا. يانغىن          ئا. ھەققانى

ئو. مۇھسىن          قىلىچ ئارسلان

ئوقۇغىن تەلىم-تەربىيە مەركىزى

1439-2017

# ئۆلمەس ئۇممەت

بسم الله الرحمن الرحيم

إن الحمد لله نحمده ونستعينه ونستغفره ونستهديه ونعوذ بالله من شرور أنفسنا ومن سيئات أعمالنا ، إنه من يهده الله فلا مضل له ومن يضلل فلا هادي له. وأشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له وأشهد أن محمدا عبده ورسوله أما بعد:

ھۆرمەتلىك ئەزىز قېرىنداشلار! بۈگۈنكى بۇ يازما ئارقىلىق سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن! بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك مەجبۇرىيىتى دەپ قارىغان، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ رېئال ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە بۇنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك

ۋە ئۈممەتنىڭ كېلەچىكىدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

پۈتۈن مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئېيتقاندەك بىر گەۋدە بولغاچقا، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمۇ ئۈممەت گەۋدىسىنىڭ بىر بۆلىكى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى، دۆلەت قۇرۇلمىلىرى ۋە تارىخى تەرەپلىرىدىن تەھلىل قىلىمىز.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، نۆۋەتتىكى رېئاللىقتىن، كۆپچىلىكنىڭ بىرخىل چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالغانلىقىنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قايتا ئورنىدىن دەس تۇرالىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ مەلۇم بىر تۈر ياكى مەلۇم بىر ساھەگە خاس ئەھۋال ئەمەس. مەسىلەن: ئۆلىمالار ساھەسىگە نەزەر تاشلىساق، تەلىم-تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنى ياكى دەۋەت قىلىۋاتقىنى بولسۇن

ئومۇمىيۈزلۈك ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بولۇپ، "ۋەزىپەم ۋە قىلالايدىغىنىم شۇ ئىكەن، ھازىرچە مۇشۇنچىلىك قىلىپ تۇراي" دېگەندەك بىرخىل تەسەللىيلەر بىلەن ئۆز ئىشىنى داۋام قىلماقتا. دېمىسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي رېئال ئەھۋالى ئۇلارنى شۇنداق دېگۈزگەن. مەيلى دېھقان، تىجارەتچى، ھۈنەر-كەسىپ ئىگىلىرى ياكى ئەمەلدار بولسۇن، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئورتاق بىللە ياشاۋاتقان ھەر ساھەدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا دىنى مەسىلە، ئۈممەتنىڭ ئەقىدىسى ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالغان.

ئۆتمۈشتىكى تارىخلىرىمىزنى ئېغىزىمىزنى يوغان ئېچىپ پەخىرلەنگەن ھالدا سۆزلىگەن، ئەسلىگەن ياكى خاتىرىلىگەن ۋاقتىمىزدىمۇ، كۆپىنچىمىز "مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنياغا خوجايىن بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، دۇنيادا بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى ئۆتمۈشكە ئايلاندى. كېلەچەك يا غەربنىڭ

يا شەرقنىڭ بولىدۇ. غەربنىڭ ياكى شەرقنىڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ بولمايدۇ" دېگەن بىر قاراشتا. گەرچە ئۇلار ئېغىزىمىزدىن چىقمىسىمۇ ۋە بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيەسى قىلىپ بېكىتىشكە جۈرئەت قىلالمىساقمۇ، ھەممىيلەن يۈرىكىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى ئاختۇرۇپ باقساق، مۇشۇ خىل كۆز قاراش بارلىقىنى بايقايمىز. ئۆزىنى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۈمىدۋار دەپ قاراۋاتقان كىشىلەر: "توغرا، مۇسۇلمانلار ھامان بىر كۈنى قايتىدىن باش كۆتۈرىدۇ، ئىسلام دۇنياسى خۇددى بۇرۇنقىدەك دۇنياغا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئەمما بۇ بەك ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن روياپقا چىقىشى مۇمكىن. ھەر ھالدا مەن كۆرەلمەيمەن، بالام ھەتتا نەۋرەممۇ كۆرەلمەيدۇ، مۇشۇ پېتى ماڭساق ئىنشائاللاھ بىر گەپ بولىدۇ" دەيدىغان يىراق بىر ئۈمىدتە ياشايدۇ. دېمەك، ئەڭ ئۈمىدۋار كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىمۇ مۇشۇنچىلىك. مەن ھازىرغا قەدەر ئۇچراتقان، پىكىرلەشكەن، نەسىھەتنى ئاڭلىغان ۋە ھەمسۆھبەت بولغانلارنىڭ كاللىسىدىكى ئومۇمىي

چۈشەنچە، كۆڭلىنىڭ تېگىدىكى گەپ، ياكى گەپنىڭ ئورامىدىن چىقىپ تۇرىدىغىنى ۋە مېنىڭ ئېرىشكەن ھاسىلاتىم مۇشۇ! ئەلۋەتتە، بۇنداق چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان ئادەم سىرتتىكىلەرگە ئەمەس ئۆزىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ بولالمايدۇ.

دۇنيادا ھازىر پەلەستىن، چېچىنىيە، كەشمىر، ئىراق، ئافغانىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئېزىلىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ ئاددىي ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقى، تېگىشلىك مائارىپ تەربىيەسى ۋە نورمال ياشاش مۇھىتىغا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا بىزنىڭ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېنىقلا چولىمىز تەگمەيدۇ ھەم تەگمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنى بېسىپ تۇرۇۋاتقان ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئەمەس، ئۇلار توغرۇلۇق ئويلىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدى ۋە بۈگۈنكى كۈندە شۇنچە دۆلەتلەر ۋە مۇسۇلمانلار بار تۇرۇپ،

ھەممەيلەن: «ئاللاھ ئاسان قىلار! خۇدايىم رەھىم قىلار!» دېگەندەك ياخشى تىلەكلەردىن باشقىنى قىلىپ بېرەلمەيۋاتىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يازمىمىز، ئاساسلىقى مۇشۇ ئۈممەتنى قۇرۇپ چىقىش ۋاستىسى ھېسابلىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە ئارزۇ-ئۈمىد چىرىغىنى قايتىدىن ياندۇرۇش، ئومۇمىي مۇسۇلمان تائىپىلىرى ۋە گۇرۇپپىلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشلارنى قاماللىۋالغان چۈشكۈنلۈكنى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چىقىرىپ تاشلاش قاتارلىق نۇقتىلاردا توختىلىدۇ ۋە يازمىمىزنىڭ مۇھىم تېمىسى بولىدۇ!

ئەمەلىيەتتە بۇ قىسقىغىنا يازمىمىز بىلەن ئۈمىد چىراغلىرىنى تولۇق ياندۇرۇپ، چۈشكۈنلۈكلەرنى يوقۇتالمايدىغانلىقىمىز ئېنىق. لېكىن بۇ يازمىمىز، ھەر ھالدا شۇ ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چۈشكۈنلۈك

ئاسارەتلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىلىنغان بىر قەدەم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

بىز بۇ يازمىمىزدا تۆۋەندىكى ئىككى چوڭ نۇقتىدا توختىلىمىز:

1- نىمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۇنچە چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ؟

بۇ نۇقتىدا بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىكى ۋە پۈتۈن گەۋدىمىز بولغان دۇنيا مۇسۇلمانلىرىدىكى چۈشكۈنلىشىشكە سەۋەب بولغان مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىمىز.

2- «ئىسلام ئۈممىتى ئۆلمەس ئۈممەتتۇر».

بۇ نۇقتىدا ئۈممەتنىڭ مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقى، مۇنقەرز بولمايدىغانلىقى، بۈگۈن چۈشكۈنلىشىپ ئېگىلىپ خورلانسىمۇ، ئەتە ئورنىدىن دەس تۇرىدىغانلىقى، بۈگۈن تەسىرى ئاجىزلاشسا ئەتە كۈچىيىدىغانلىقى، بۈگۈن قۇل بولسا ئەتە دۇنياغا خوجايىن بولىدىغانلىقى . . . قاتارلىق مەزمۇنلارنى

ئــۆز ئىچىــگە ئالــدۇ. دېــمەك، بۈگــۈن بىــز قايتىــدىن ئـــورنىمىزدىن تـــۇرۇش، خوجـــايىن بولـــۇش، نوپـــۇز تىكـــــلەش، كەلگۈســـــــدىكى نۇســـــرەت ۋە دۇنيـــــا مىللەتلىرىنىــڭ ئالــدىغا ئۆتــۈش ئــارزۇلىرى توغرىســدا ســۆزلەيمىز. مۇنــداقچە قىلىــپ ئېيتقانــدا تــارىختىن بۇيــانقى ئۆزىمىزنىــڭ تەبىئىــي ئــورنىمىزنى قــايتۇرۇپ ئەكــېلىش ئارزۇســى ھەققــدە تــوختىلىمىز. بــۇ ئــورۇننى ئــاللاھ تائــالا بىــزگە ئىــرادە قىلغــان بولــۇپ، ئۇنىڭغــا ئېرىشـــتۈرۈش ئەلـــۋەتتە ئاللاھقـــا قىيـــىن ئەمەس. مەســىلە پەقەت ئۆزىمىزنىــڭ مۇســتەھكەم ئىــرادە بىــلەن كەلگۈسگە قەدەم ئېلىشىمىزغا باغلىق.

(ئــاللاھ تائــالا مۇشــۇ ھەقــتە قىلغــان ھەربىــر ســۆزىمىز، ئاڭلىغــان ھەربىــر پەنــد-نەســىھەتلىرىمىز، قىلغـــان ھەربىـــر ئۈمىـــدىمىز، يانـــدۇرغان ھەربىـــر چىرىغىمىـــز ۋە ئۇلتۇرغـــان مۇشـــۇ ھالەتلىرىمىزنىـــڭ ھەممىنــى قىيــامەت كــۈنى ياخشــىلىق تــارازىمىزدا قىلىــپ بەرسۇن!)

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىككى چوڭ تېمىنىڭ بىرىنچىسىدىن كېلەيلى:

1- مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىدۇ؟!

بۇ سوئال بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ جاۋابىنى ئىزدەش ئۈچۈن قويۇلغان سوئال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەيرانلىق سوئالى، چۈنكى قۇرئانغا ئوخشاش بۈيۈك بىر كىتابى بار، پەيغەمبىرى 23 يىللىق ھاياتىدا ئەمەلىي ئۈلگە كۆرسىتىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ھەدىسلىرى بار، ئۆتمۈشتە شانلىق تارىخى، سۇتۇق بۇغراخان، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بۇخارى، فارابى، ئىبن سىنا . . . كەبى تارىختا ئۆتكەن بۈيۈك ئالىملىرى بولغان ۋە بىر مىليارد 500 مىليون سانغا ئىگە، دۇنيادىكى ئومۇمىي بايلىقلارنى ئىگىلىگەن بىر مۇسۇلمان مىللىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش! كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، پۈتۈن بايلىقلار خۇددى كىملىكى مۇسۇلمان، دىنى ئەقىدىسى ئىسلامدەك،

مۇســـۇلمانلار ئولتۇراقلاشـــقان رايـــونلاردىنلا چىقىـــدۇ. ســـەئۇدى ئەرەبىســـتان، ئىـــراق ۋە بىزنىـــڭ ۋەتىنىمىـــز بولـــۇپ، سانلىق مىقىداردا ئاشىدۇ! تايلانـــد بىلـــەن مالايســـىيانىڭ جايلاشـــقان ئـــورنى، ئادەملىرىنىـــڭ مىـــجەزى، رەڭگـــى-روھـــى ئاساســـى جەھەتـــتىن ئوخشـــاش بولـــۇپ، ھەتتـــا تىلىمـــۇ، خـــۇددى ئۇيغـــۇر تىلـــى بىـــلەن قـــازاق تىلـــى يېـــقىن كەلگەنـــدەك ئاساســـەن يېـــقىن كېلىـــدۇ. ئەممـــا تايلانـــدتا بـــايلىق يـــوق، مالايســـىيادا بـــار. دېـــمەك، ئـــاللاھ تائـــالا دۇنيانىـــــڭ كـــــۆپىنچە بـــــايلىقلىرىنى مۇســـــۇلمانلارغا بەرگەن.

شـــۇ قەدەر بـــايلىق ســـاھىبى بولغـــان بىـــر مىللەتنىـــڭ ئۈمىدســـىزلىنىپ، چۈشـــكۈنلۈككە پېتىـــپ قېلىشـــى ئەقىلـــگە ســـىغمايدۇ ئەلـــۋەتتە. چـــۈنكى بـــۇ مىللەتنىـــڭ رەببـــى ئـــۆز كىتابىـــدا: ﴿قَالَ وَمَن يَقْنَطُ مِن رَّحْمَةِ رَبِّهِ إِلَّا الضَّالُّونَ﴾[1] «ئىبـــراھىم: پەرۋەردىگارىڭنىـــڭ رەھمىتىـــدىن گـــۇمراھلاردىن باشـــقا كىممـــۇ نائۈمىـــد بـــولار؟- دېـــدى» دېـــگەن تۇرســـا، بىـــز قانـــداقمۇ

[1] سۈرە ھەجىر 56- ئايەت

ئۈمىدسىزلىنىشكە، چۈشكۈنلىشىشكە ھەقلىق بولالايمىز. ئەپسۇسكى رېئاللىق ھەقىقەتەن شۇنداق!

بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئارزۇ-ئۈمىدىمىز ۋە نىشانلىرىمىز بىر-بىرلەپ يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. مانا بۇ دەل مۇسۇلمانلارغا چۈشكەن ئەڭ قورقۇنچلۇق كىرىزىس. ئەگەر بۇ كىرىزىس يوقىتىلماستىن، مۇسۇلمانلار ئارىسىغا يامراپ كېتىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ نىجاتلىقىدىن ئەسلا سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئەسلىدە بۇ ئۈمىدسىزلىك، ئاجىز ۋە بىچارە قەلبىمىزگە چۈشكەندە، بۇ مۇسىبەت يوغىناپ كەتتى. ھالبۇكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، بويسۇنۇپ، ئالدىدا دەس تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا ئېگىلگەن يېرىمىز بار. ۋەھالەنكى بىز بۇ ئۈمىدسىزلىككە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا دەس تۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا بىز بۇ ھەقتە سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق؟ بۇ مىللەتنىڭ

ئورنىدىن دەس تۇرۇشى، خوجايىنلىقنى قولغا ئېلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇلۇغلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشىنىڭ يولى قايسى؟ دېگەن نۇقتىلاردا تەپسىلىي توختىلىمىز ئىنشائاللاھ! بۇ نۇقتىلار ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئامىللىرى بارلىقىنى بايقايمىز ۋە بۇلارنى چوڭ جەھەتتىن ئىككىگە بۆلۈمىز.

1-مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلغان كىرىزىسلار:

ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ دىنىغا سەل قاراش، ئاللاھنىڭ مەنھەجىدىن يىراقلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن سىرت ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش.

2-دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان ئېچىنىشلىق سۇيىقەست:

مۇسۇلمانلار غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان ۋاقىتلىرىدا دۈشمەنلەر ئۆزلۈكسىز سۇيىقەستىنىڭ تورلىرىنى توقۇغان بولىدۇ. ئۇلار ئويغانغاندا بولسا،

مىلىلك ئەپسۇسىكى، پىۇت-قوللىرىنىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە سۈيىقەسىت تىورلىرى بىلەن چۈشىەپ قويۇلغانلىقىنى بايقىدى.

يېقىنقىي زامانلاردىكى رېئاللىقتا قارىساق، 1991- يىلىي ئەتراپىدا ئالجىرىيەدىكى، 2006- يىلىي پەلەستىندىكى ۋە 2013- يىلىي مىسىردىكى ئەھۋاللارنى كىۆردۇق. خىۇددى تۈركىيەدىكى بەش قېتىملىق ئىنقىلاب ۋە مىسىردىكى مىۇھەممەد مۇرسىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىلغىنىدەك، دۈشمەنلەر ھەقىقەتەن ھەر تەرەپتە تور توقۇپ بولغان بولىۇپ، مەيلى مېدىيا ياكى دىنىي ساھە بولسۇن ياكى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئەسكەر ۋە باشقا ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمانلار بولسۇن: "بۇ بولمىدى، مەن ئەمدى ئورنۇمدىن تۇراي" دەپ ھەرىكەت قىلسا، ئاللىقاچان پىۇت-قوللىرى ھىيلە-مىكىر تورلىرى تەرىپىدىن باغلاپ قويۇلغان ئىدى.

دېمەك، مۇسۇلمانلار ئىككىي نۇقتىدا كەتكۈزۈپ قويغان بولىۇپ، بىرى: ئۆز ئىچىدىن

كەتكۈزۈپ قويۇش. يەنە بىرى بولسا: سىرتقى
دۈشمەننىڭ سۈيىقەستى. ئەلۋەتتە ئۆز ئىچىدىن
كەتكۈزۈپ قويۇش بولمىغىنىدا، سىرتنىڭ
سۈيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەس. ئاۋۋال
ئۆزىمىز كەتكۈزۈپ قويۇپ، يوللىرىمىزنى تاقاپ،
ئۆزىمىزنى ئاجىزلاشتۇردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن
دۈشمەننىڭ سۈيىقەستى بىزنى ناھايىتى ئاسان
يۇقۇملاندۇردى.

بىز بىرىنچى نۇقتا ھەققىدە تەپسىلىي
توختىلىشتىن بۇرۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى
رېئاللىقىغا، ئۇمۇمىي ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ۋە
مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ
چىقايلى.

بىز ۋەتىنىدىكى چاغدا سىرتتىكى
مۇسۇلمانلارغا پەۋقۇلئاددە ئۈمىد باغلىغان ئىدۇق.
ئەمما سىرتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بىز
بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى. قايسى نۇقتىدىن
ئوخشاش؟ بىز ئۇلارنىڭ بىر پارچىسى بولغاچقا، ئۇلار

مەغلۇپ بولماستىن، ئىززەتلىك ھەقىقىي مۇسۇلمان سۈپىتىدە ياشىغان بولسا، بىزمۇ بۇ كۈنگە قالمىغان بولاتتۇق. شۇنداقلا بىز غەلىبە قىلغان بولساق، ئۇلارمۇ بەلكىم بۇ كۈنگە قالماس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنى ھەقكى: «مۇسۇلمانلار بىر تەنگە ئوخشايدۇ، بەدەننىڭ قەيەر ئاغرىسا باشقا ئەزالارمۇ بىئارام بولىدۇ». بىز ئاجىزلاشساق يۈكىمىز باشقىلارغا چۈشىدۇ. باشقىلار ئاجىزلاشسا ئۇلارنىڭ يۈكى بىزگە چۈشىدۇ. شۇنداق بولۇپ ئومۇمىي ئىسلام دۇنياسى ئاستا-ئاستا مۇشۇ ئېچىنىشلىق ھالەتكە كەلدى.

قېنى كۆرۈپ باقايلى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دىنى ۋە ھىدايىتىنى زېمىنغا ئېلىپ كەلدى ۋە 23 يىل جەريانىدا بۇ دىننى مۇستەھكەم ئورنىتىپ دۇنيادىن كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن راشىد خەلىپىلەر بولغان ئەبۇ بەكرى ، ئۆمەر ، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلەر ۋە شۇ

ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە غەرب تەرەپتىن ئىسپانىيەگىچە، شەرق تەرەپتىن خىتايغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ چوڭ بىر سەلتەنەت شەكىللىنىپ، 14 ئەسىردىن بۇيان ئىززەت ئىچىدە ياشاپ، غەرب دۇنياسىنى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن ئىدى. گەرچە ئارىلاردا سەلتەنەت ۋە مۇسۇلمانلاردىكى ئىززەتكە كۆز قىزارتىپ، پۈتۈن خىرىستىيانلار دۇنياسى ئومۇميۈزلۈك قوزغىلىپ، ئەھلى سەلب ئۇرۇشىنى بىر نەچچە رەت ئېلىپ بېرىپ ئىككى يۈز يىل تىركەشكەن بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا سالاھىددىن ئەييۇبى قاتارلىق ئىسلام ئوغلانلىرى تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق مەغلۇپ قىلىنىپ قوغلاپ چىقىرىلدى. دېمەك بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئىنتايىن سەلتەنەت ۋە ئىززەت ئىچىدە ياشىغان بولۇپ، بىز ئۇيغۇرلارمۇ شۇ ئىززەتتىن نېسىۋىمىزنى ئالغان ئىدۇق.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمانى خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بولغان 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە خەلىپىلىك ئۆرۈلۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرى تەرەپ-تەرەپتىن تالان-تاراج قىلىندى. مەسىلەن: پەلەستىن يەھۇدىيلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئىسرائىلىيە 1948- يىلى ئۆزىنى بىر دۆلەت شەكلىدە ئېلان قىلدى. 1956- يىلى مىسىر ئىسرائىلىيە تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1967- يىلى مىسىر-سۇرىيە ئارمىيەسى پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، سىرتقى ئۇرۇش ئايرودرۇملىرى ۋەيران بولۇش بىلەن بىرگە مىنيا، ئۇقسۇر، غەردەقە ۋە ئەبۇ سۇۋەيلەردىكى ئىچكى ئايرودرۇملارمۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. تاكى 1973- يىلىغا كېلىپ مىسىر ئارمىيەسى ئىسرائىلىيەنى ئەڭ ئاخىرى بىر قېتىم يېڭىپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى سەل يورۇق قىلىۋالغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئارقا-ئارقىدىن زەربىگە ئۇچراپ تۇردى.

بۇنى سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ دېيىشىڭلار مۇمكىن. بىر ئادەم بۈگۈن سىرتقا چىقىپ قوشنىسىدىن تاياق يېسە، ئەتىسى ۋە ئۈگۈنى چىقىپ يەنە تاياق يېسە، ئەتراپتىكىلەر بۇ ئادەمگە نىسبەتەن قانداق قارايدۇ؟ يارىماس دەپ، ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ، جەمئىيەتتە ئورنى بولمايدۇ، باشقىلار ئۇنى ئىززەتلىمەيدۇ ۋە ھۆرمەتلىمەيدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ قىلغان-ئەتكىنىنىڭ ھەممىسى خاتاغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئىززەت-ھۆرمىتى بولمىغان ئادەمنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ. دېمەك، مۇسۇلمانلار خەلىپىلىكىنىڭ ئۆرۈلۈشى، زېمىنلىرىنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن تالان-تاراج قىلىنىپ بېسىۋېلىنىشى، بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن ئازاد بولمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، باشقا بىر دۆلەتنىڭ ئۈنۈپ چىقىپ: بۇ دېگەن مېنىڭ زېمىنىم! دەپ تۇرۇۋېلىشى ۋە بۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان تۆت-بەش قېتىملىق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن بەك ئېغىر زەربە بولدى.

ئىككىنچى: شۇ ۋەقەنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىسلام دۆلەتلىرىدە قىلىنغان ئېغىر خىيانەتچىلىك. بۇ خىيانەتچىلىك ئۆلىمالاردىن تارتىپ ھاكىملارغىچە ئومۇمىيۈزلۈك كەڭرى تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، پۇقرالار ۋە دۆلەت مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلىدىغان، پۇل-ماللىرىنى تالان-تاراج قىلىدىغان، ئەدەپ-ئەخلاقىغا ھۆرمەت قىلمايدىغان بىر تۈپ كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇلار پۇقرالارنىڭ ئەسلى ئەقىدىسى، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە قىممەت-قارىشى بولغان ئىسلامنىڭ تەلىماتىغا رىئايە قىلماستىن پاھىشىخانىلارنى، قىمارخانىلارنى، . . . خانىلارنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قان-تەرلىرىنى سۈمۈرۈپ غەرب بانكىلىرىدا ساقلىدى. ئاخىرىدا ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پۇللىرى غەربنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتتى. مەسىلەن: كازافى ئۆلگەندە 32 توننا ئالتۇنى بارلىقى ئاشكارىلاندى. سادام قولغا ئېلىنغاندا، نۇرغۇن

ئـــالتۇنلىرىنى ئامېرىكـــا ئايروپىلانىغـــا بېســـىپ ئېلىـــپ كەتتـــى. مۇبـــارەك قولغـــا ئېلىنغـــان ۋاقىتتـــا شىۋېتســـىيە بانكىســـىدا نەچـــچە يـــۈز مىليـــون دولـــلار پـــۇلى قالـــدى. مانـــا بـــۇلار ئىســـلام دۆلەتلىرىـــدىكى مۇســـۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىـــــڭ ۋە چۈشكۈنلىشـــــىپ كېتىشـــــىنىڭ ئامىللىرىدىن بىرى.

ئۇنىڭـــدىن باشـــقا، مۇســـۇلمانلار دۇنياســـىدا شـــۇ خىـــل ھاكىملارنىـــڭ ۋە ئۇلارنىـــڭ تەرىپىنـــى ئالغـــان ئۆلىمـــا يـــاكى ئـــۆزىنى زىيـــالىي دەپ قارىۋالغـــان كىشـــىلەرنىڭ تەســـىرىدە، ئاخبـــارات ۋاســـىتىلىرى ۋە مېدىيالىرىـــدا (مەيلـــى رەســـمىي مېـــدىيا يـــاكى شەخســـى مېـــدىيالار بولســـۇن) يامـــان ئىشـــلار مۇســـۇلمانلارنىڭ ئەقىـــدە ۋە ئەدەپ-ئەخلاقلىرىغـــا رىئـــايە قىلماســـتىن، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇپ كەتتى.

بىزنىـــڭ يـــۇرتلاردا 1995- يىللاردىـــن تارتىـــپ مېـــدىيالار ئـــانچە-مـــۇنچە ئوچۇقلىششـــقا باشـــلىدى. ئەممـــا باشـــقا مۇســـۇلمان ئـــۆلكىلەردە ئـــاللىبۇرۇن ئوچۇقلىشـــــىپ كەتـــكەن ئىـــدى. بـــۇ ھـــالەت

چۈشكۈنلەشكەن بىر ئەۋلادنى يېتىلدۈرۈپ، مىللەتنىڭ مىللىي مەپكۇرىسىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مۇسۇلمانلار دۇنياسى بۇ ھالغا چۈشكەندىن كېيىن، غەرب دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادى سۈمۈرگۈچىلىكى ئاستىدا، ھەممىسى شۇنچە ئىشلەپمۇ يەنىلا قەرزدىن قۇتۇلالمايدىغان پېقىرلىق-كەمبەغەللىك، قايسى دۆلەتكە قارىسا "تاشقى قەرزى مانچە مىليارد" دېيىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. مەسىلەن: مىسىرنىڭ 60 نەچچىنچى يىللىرىدىكى رەئىسى جامال ئابدۇناسىر ئۆلگەن ۋاقتىدا 2 مىليارد قەرزى بار ئىدى. ئەنۋەر سادەت ئۆلگەن ۋاقىتتا قەرز 5 مىليارد بولغان. مۇبارەك چۈشكەن ۋاقىتتا بولسا قەرز 112 مىلياردقا يەتكەن ئىدى. يەلكىسىدىكى بۇ ئېغىر يۈكلەر مۇسۇلمانلاردا "ئۇف ! بىز قاچان ئورنىمىزدىن تۇرۇپ بولارمىز" دەيدىغان بىرخىل ئاڭنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئاددىي ئىشلار تۇپەيلىدىن پەيدا بولغان جەڭگە-جېدەل ۋە زىددىيەتلەر. مەسىلەن: بىزنىڭ يۇرتنى ئىلىپ ئېيتساق، ئەقلىمىزگە كەلسەك كىشىلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپتىكەن. ئىككىگە بۆلۈنگەن ئادەملەرنىڭ بىر بۆلىكىنى "ياشلار" يەنە بىر بۆلىكىنى بولسا "ياشانغانلار" دەيدىكەن. ھازىر ئويلاپ باقساق، مەيلى ياشلار ياكى ياشانغانلار بولسۇن، مەلۇم شەخسلەردىكى قىسمەن خاتالىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمىي سەپتە چوڭ خاتالىق يوق ئىكەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ھەر ئىككىلىسى ئەقىدە جەھەتتە ئەھلى سۈننىگە، فىقھى جەھەتتە ھەنەفى مەزھىپىگە تەۋە. بۇلارنىڭ تالىشىۋاتقانلىرى بولسا: مەلۇم شەخسلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مىجەزىگە مۇناسىۋەتلىك كىيىم-كېچەك، يۈرۈش-تۇرۇش ۋە مۇشۇ خىل ئىشلاردىكى ئىگىز-پەسلىكلەر تۈپەيلى مىللەت ئىككىگە بۆلۈنگەندەك ھالەتكە بىرىپ

قالغــان. بــۇ ئەھۋالــدا مىللەتــتە ئــاق-ســاپا دەيــدىغان بىــر نەرســە قالــدىمۇ!؟ دېــمەك، يۇقىرىدىكىــدەك بىــر نەچــچە خىــل ئــامىللار كىشــىنىڭ ئىدىيەســىنى شــۇ ھالغـــــا كەلتـــــۈرۈپ قويــــــدىكى، دۆلەتلەرنىــــــڭ پادىشــــاھلىرى ئۆزىنىـــڭ شەخســـي ھــــاكىمىيتى ۋە تەختىنــى قوغداشــتىن باشــقىنى ئويلىمىســا، بــۇ مىلــلەت قەيەرگە كېتىۋاتــدۇ؟! بــۇ دۆلەت ئەھــۋالى قانــداق؟! مەســىلىلەرنى ھەل قىلمىســاق قانــداق ئەھــۋال كېلىــپ چىقــار؟! كەلگۈســى قانــداق بــولار؟! دېگەننــى تېخىمــۇ ئويلىمايــدۇ. ئىــش ئۈســتىدىكىلەر: "مەن مۇشــۇ تەختىنــى تۇتـــۇپ تۇرالارمەنمـــۇ؟" دېگەنــــنىلا ئويلىغـــــان. ئىقتىســــادقا قارىســــا، دۆلەت گــــېلىگىچە قەرزگە بوغۇلغــان. شەخســلەرمۇ ئــۆزىنى ئــارانلا بېقىۋاتقــان. مۇســۇلمانلار بىــر مەســچىتتە بىــر مەســىلىنى، يەنە بىــر مەســچىتتە باشــقا بىــر مەســىلىنى تالاشــقان، ئــاددىي ئىشــلارنى دەپ بىــر-بىــرى بىــلەن ئۇرۇشــۇۋاتقان، بىــر-بىرنــى چەتــكە قېقىۋاتقــان، ھەتتــا بىــر-بىرنــى كاپىرغــا چىقىرىۋاتقــان ئەھــۋاللار بــار. دېــمەك: مانــا بــۇ ئىشــلار مۇســـــۇلمانلارنىڭ قەلـــــبىگە چۈشـــــكۈنلۈك ۋە

ئۈمىدسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۈممەتنىڭ ئورنىدىن قايتىدىن دەس تۇرۇشى ۋە گۈللىنىشى، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىنى تېپىشى مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ.

ھەربىرىڭلار بىر مىنۇت سۈكۈت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قايتىدىن غەلىبە قىلىشىغا نىسبەتەن ئۈمىد بار يوقلۇقىنى ئويلىنىپ بېقىڭلار!؟ بەلكىم ئۆزۈڭلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتى بىلەن، بار! دېيىشىڭلار مۇمكىن. ئۆزۈڭلارنىڭ ھازىرقى ھېس-تۇيغۇسىنى ئەگەر ئېغىزىڭلاردا ئەمەس يۈرىكىڭلاردا ئىپادىلەش مۇمكىن بولسا ئىدى، ھەممىڭلارنىڭ يۈرىكى: تاڭ جۇمۇ!!! دېيىشى مۇمكىن ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىشىپ، كەينىدە قېلىشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى: مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان ھايات ۋە يېقىنقى 200 يىلدىن بېرى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن رېئاللىق بىزنى ئۆز-ئۆزىمىزدىن قورقىدىغان، ئۆز-ئۆزىمىزدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، "ياق

ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز، ئۇلار دېگەن ئاجايىپ . . " دەيدىغان روھسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان.

2- ئىسلامغا سىرتتىن كەلگەن پىكرى سۇيىقەست. قايسى دۆلەت قانداق ئادەمنى ئەۋەتىپ قايسى يەرگە قانداق سۇيىقەست قىلغان، قانداق پىكرى مەسىلىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان دېگەن مەسىلىلەردە توختىلىپ بولالمايمىز. بەلكى سۇيىقەستلەرنىڭ دائىرىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ سۇيىقەستكە تۇتقان پوزىتسىيەسى قاتارلىق مەسىلىلەردە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتسەك بولىدۇ.

بۇ سۇيىقەست ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي پىكرى ھەرىكەتلىرى ۋە تەپەككۇرىدىن تارتىپ ھەممىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئەڭ ئاخىرىدا بىرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن، رېئاللىقىدىن ئالغان چۈشكۈنلىشىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىشكە، تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىش ۋە ئۈمىدسىزلىكنى قوشۇپ، ئولتۇرغان ئادەمنى ياتقۇزۇۋەتكەن. يەنى مۇسۇلمانلار

ئۆزىنىڭ رىئاللىقىدىن ئالغان چۈشكۈنلىشىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىشىش بىلەن تۇرالماي ئولتۇرغان بولسا، ئەمدى سىرتىنىڭ سۇيىقەستى ئۇلارنى ئولتۇرغان يېرىدە ياتقۇزۇپ قويغان.

ئەمدى بىز ئويلىنىپ باقايلى! ئىسلامغا سۇيىقەست قىلغانلار كىم؟

1-مۇستەشرىقلار(شەرقشۇناسلار): يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ سەلتەنەت سۈرگەن، ھازارەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ گۈللەنگەن، پاراۋان ياشىغان كۈنلىرىدە دۇنيادا دىن دۈشمەنلىرى بولغان ئەھلى كىتابلار بۇنىڭغا پەقەتلا چىدىمىغان. چۈنكى مۇسۇلمانلار كىچىككىنە بىر ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى چوڭ ئىككى ئىمپىراتورلۇقنى (پېرسىيە بىلەن رۇم ئىمپېرىيەسىنى ) يىقىتىپ، غەرب تەرەپتىن ئىسپانىيەگىچە، شەرق تەرەپتىن

خىتايغىچە بولغان ئارىلىقنىڭ ھەممىنى ئىگىلەپ بۈيۈك سەلتەنەت قۇرغان. بۇنىڭغا چىدىمىغان رىم پاپىسى ئومۇمىيۈزلۈك چاقىرىق قىلىپ ئەھلى سەلىب يۈرۈشى قىلغان. بۇ ئىككى يۈز يىللىق يۈرۈش ئەھلى سەلىبنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان.

شۇنىڭدىن كېيىن غەربلىكلەر مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى قورال ياكى ئەسكەر كۈچى ئارقىلىق بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پىكرى جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن دۆلەتتىن مەبلەغ چىقىرىپ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر بۆلۈك شەرق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ھاياتىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئاتايدىغان شەرقشۇناسلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ كىتابلىرىدىكى ئىسلام تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىزلەر دىندا ئوقۇۋاتقىلى 15، 20 يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئىسلامنى تەتقىق

قىلىپ ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى بىز تېخى بىلمەيمىز. ئۇلار قۇرئاننى يادقا بىلىشتىن باشقا، ھەدىسلەرنى پاك-پاكىز يادلىۋەتكەن. بەزىلىرى ھەدىس ۋە فىقھىلارنى پۇتۇنلەي تەتقىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزگىلى بولىدۇ دەپ قارىغانلىكى يوچۇق ۋە زىل ھالقىلارنى تېپىپ چىقىپ توختىماي ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن.

بۇ زىيانكەشلىكنى ئىسلام دۆلەتلىرىگە كىم ئەكەلگەن دېگەندە، بۇلارنىڭ شاگىرتلىرى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇستەغرىبلار (غەربكە چوقۇنىدىغان، غەربنىڭ ئىدىيەسىگە قىزىقىپ قالغان غەربشۇناسلار). مەسىلەن: ھازىرمۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەدە ئىسلام تەتقىقات ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئىلمىي نۇقتىدىن تەتقىقات ئېلىپ بارىمىز دەپ جار سېلىشىدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار شۇ يەرگە بېرىپ دوكتورلۇق ياكى ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى ئىچىدىكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىگە چوقۇنىدىغان ۋە قىزىقىدىغان مەستانىلەر غەربكە بېرىپ ئوقۇپ، ئۆزى بىلىپ-بىلمەي ئاشۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئۆزىنىڭ پىكرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ، ئاستا-ئاستا بۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە "زادى مۇسۇلمانلار غەربلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئىزىدىن ماڭمىسا ۋە غەربلىكلەر قىلغاندەك قىلمىسا تەرەققىي قىلالمايدۇ" دەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. ھەتتا ئىسلام دۇنياسىدىكى بىلىم يۇرتى بولغان ئەزھەرنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، فىرانسىيەگە بېرىپ ئوقۇغان. ئاندىن دۆلىتىگە قايتىپ شاگىرتلىرىغا: "بۇ ئايەت كۈچلۈك، بۇ ئايەت ئاجىز" دېگەندەك سەپسەتىلەر بىلەن قۇرئاننى تەنقىد قىلىشنى ئۆگەتكەنلەر بار. سۇبهاناللاھ !!! ئاللاھتائالا قۇرئاندا بۇلارنى سۈپەتلەپ: ﴿كَبُرَتْ كَلِمَةً تَخْرُجُ مِنْ أَفْوَاهِهِمْ إِنْ يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبًا﴾[1]

[1] سۈرە كەھف 5- ئايەت

«ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ» دېگەن. ھەتتا بۇلارنىڭ ئارىسىدىن: قۇرئاندىكى ئىبراھىم، ئىسمائىل ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى ۋە شۇنداقلا ئىلگىرىكى تارىخلارنىڭ ھەممىسىنى رېئال تارىخ بولماستىن بەلكى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرىغا، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارغا ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرىدىغان "سەنئەت تەسۋىرى" دېگەنلەرمۇ بار.

يەنە تېخى بەزىلىرى قۇرئانغا قاراپ، خۇددى ئادەتتىكى بىر يازغۇچىنىڭ كىتابىنى تەتقىق قىلغاندەك: مەككىي ئايەتلەرگە قارىغاندا مەدەنىي ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى سەل مولراق چىقىدۇ-دېگەن. بۇ گەپنىڭ تەبىرى بولسا: مەككىي ئايەتلەر دەسلەپتە چۈشكەچكە تەجرىبىسى سەل تۆۋەن ئىدى، كېيىن ئايەتلەر چۈشكەنسېرى ئاستا-ئاستا پىشىپ-يېتىلىپ، تەجرىبىگە ئىگە بولغاچقا مەدەنىي

ئـــايەتلەردە مەزمـــۇنلار بـــر قەدەر مـــول چىققـــان-دىگەنلىك بولىدۇ. سۇبهانالله !!!

بــۇ ســۆزنىڭ يەنە بــر قەدەم كەيــنىگە ئۆتســەك: مــۇھەممەد ئــۆزى توقۇغــان دىــگەن يەرگە ئاپىرىــدۇ. ھەتتــا مەلــۇم بــر ئەزھەر شـــەيخىنىڭ ئىلمـــانى دەۋەتچىـــلەر قاتارىـــدىن ئىكەنلىكـــى بىلىـــنگەن ئەھۋاللارمــۇ بولغــان. ھــالبۇكى ئەزھەرنىــڭ قۇرۇلۇشــى ۋە ئومــۇمىي گەۋدىســى بــۇلاردىن ئــادا-جــۇدا! ئەزھەر ھەرگىزمــۇ ئۇنــداق يەر ئەمەس. فىرانســيە، ئەنگلىــيە، ئامېرىكــا قاتــارلىق دۆلەتلەردىكــى ئىســلام تەتقىقــاتى بىــلەن شــۇغۇللىنىدىغانلار، ئەســلىدە ئىســلامنى ئىلمــى تەتقىقــات ســۈپىتىدە شـــۇغۇللانغانلار بولماســـتىن، ئەكســـىچە ئىســـلام دىيارىغـــا دۈشـــمەنلىك قىلىـــش مەقســـىتىدە قۇرۇلغــان ئورگانــدۇر. ئۇلارغــا ئالــدىنىپ، تەتقىقــاتلىرىنى ئىلمــى شــەكىلدە قىلىنغــان تەتقىقــات دەپ قــاراپ: بــۇ بــر نوقــۇل ئىلمــي تەتقىقــاتتۇ، بــۇلاردا تەرەپبــازلىق يــوق، پەقەت ئىلمــگە ھــۆرمەت قىلىــدۇ، شــۇڭا بــۇلار ئــۆزى مۇســۇلمان بولمىســىمۇ ئىســلامنى

تەتقىق قىلىدۇ دېگەندەك بىر نامىلار بىلەن شۇلارنىڭ قوللىرىدا تەربىيەلىنىپ ، ھەرخىل پىكىرلەرنى ئىسلام دۇنياسىغا كۆتۈرۈپ كېلىدىغان، ئۇلارنى چوڭ كۆرىدىغان ۋە " ئىسلام دۇنياسى ئەگەر غەرب دۇنياسىغا ئەگەشمىسە تەرەققىي قىلالمايدۇ" دەيدىغان ئىدىيە ئارىمىزدا شەكىللەنگەن.

2-مۇستەملىكىچىلىك: بىلگىنىمىزدەك ئوسمانى خەلىپىلىكى يىقىلغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرى، يەنى لىۋىيە، مىسىر، ئالجىرىيە، تۇنىس، لىۋان، يەمەن، سۇدان، ئىراق، كۇۋەيت، چېچىنىيە، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان . . . دىن تارتىپ ھەممىسى باشقىلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا قالغان.

مۇسۇلمانلار بىر شەھەرنى فەتىھ قىلسا ئۇ يەرنى ئاۋات قىلىپ، خەلقىگە ئىززەت-ئىھتىرام قىلغان ۋە غەيرى مۇسۇلمان پۇقرالار ئىسلام ئادالىتىدە نورمال پۇقرادەك ياشىغان. ئەكسىچە مۇستەملىكىچىلەر قەيەرگە كەلسە، شۇ يەر

كىشىلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىلىرىدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنۇپ، بۇلارنى نە ئۆزىگە نە ئاتا-بوۋىلىرىغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر نەرسىگە ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ مۇستەملىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمي كەيپىياتى ۋە روھىيىتىگە سەلبىي تەسىر قىلغان ئامىللارنىڭ بىرى.

ئۇلار بىر مەزگىل مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىنى مۇستەملىكە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەرلەر ئۆزىنىڭ ماكانى بولمىغاچقا، داۋاملىق تۇتۇپ تۇرالماي ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھاكىملارنى يۆلەپ چىقىرىپ قويۇپ، «چىرايلىقچە» چىقىپ كەتتى. لېكىن تەيىنلەپ قويغان ھاكىملار يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك مۇسۇلمانلارنى ئېزىپ "زادى بىز مۇشۇنداقراق ياشىمىساق بولمايدۇ، بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز. مەن ئامېرىكىغا بېقىنمىسام، ئۇ رۇسىيەگە بېقىنمىسا بولمايدۇ. ماۋۇ فرانسىيەگە بېقىنمىسا بولمايدۇ. چوقۇم بىردىن دۆلەت بىلەن ئىتتىپاقداش بولمىساق، دۆلىتىمىزنى قوغدىيالمايمىز" دەيدىغان بىرخىل ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلقلەرنى شۇ پەلسەپەگە

قانـائەت قىلـدۇرۇپ، ھازىرغـا قەدەر بۆشـۈككە سىلىپ تەۋرىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭـدىن كېيىنكـى يەنە بىـر مەسـىلە: يۇقىرىقـىدەك ئامىللارنىـڭ نەتىجىسـىدە مۇسـۇلمانلاردىكى ئۈمىدسـىزلىك تۇيغۇلىرىنىـڭ پەيـدا بولۇشى.

ئـۆزى ھـېچ ئـىش قىلمايـدىغان، يامـان ئىشـنى كۆرسـە توسـمايدىغان، ياخشـىلىققا تېخـى بۇيرۇمايـدىغان، چوقـۇم ئاسـماندىن بىـر دانە ھەل قىلىـش چارىسـىنىڭ چۈشۈشـىنى يـاكى باشـقىلارنىڭ يـاردەم بېرىشـىنى ئۈمىـد قىلىـپ، داۋاملىـق باشـقىلاردىن ئۈمىـد كۈتىـدىغان بىـر بۆلـۈك ئـادەملەر دەل مۇشـۇ خىـل ئەھۋاللارغـا سـەۋەب بولغـان. شـۇنىڭ بىـلەن يۇقىرىقـىدەك ئىچكـى ۋە تاشـقى ئامىللارنىـڭ نەتىجىسـىدە، مۇسـۇلمانلارنىڭ 1400 يىلـدىن بۇيـان ياراتقـان شـانلىق تـارىخلىرى، غەرب تەرىپـى ئىسـپانىيە، شـەرق تەرىپـى خىتـايغىچە بارغـان قەدەملىـرى، ھىندىسـتانلاردا ياراتقـان شـانلىق تارىخلىرىنىـڭ ھەممىسـى ئومۇمىيۈزلـۈك بۇرمىلىنىـپ، خـۇددى

مۇسۇلمانلار ئىلگىرى دۇنيادا ياشىمىغاندەك، ھېچ ئىش قىلمىغاندەك، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھېچبىر ياخشىلىقى يوقتەكلا تارىختىن، كىتابلاردىن، مېدىيالاردىن، ئەدەبىياتلاردىن، ھېكايىلەردىن ۋە رومانلاردىن ئومۇميۈزلۈك چىقىرىۋېتىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىكىدەك نورمال ئەھۋاللاردىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئومۇميۈزلۈك سەت كۆرسىتىش، ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈش، دۇنيانىڭ قايسى تەرىپىگە بارمايلى ئوخشاش شەكىلدە داۋام قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۆز يۇرتىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق: ئىچكىرىدە ئۇيغۇردىن بىرسى بىرەر خاتا ئىش قىلىپ سالسا، بۇ ئىش ئاخبارات ۋاستىلىرىغا "بىر ئۇيغۇر مۇنداق ئىش قىلدى" دەپ، ھەتتا رەسىملىرى بىلەن تارقىتىلىدۇ. ئەمما يۇرتلىرىمىزدا بىرەر خىتاي بىر ئىش قىلىپ قالسا: "بىر يولداش ياكى بىر يىگىت ۋە ياكى بىر قىز (نە ئىسمى نە سۈرىتى يوق ھالەتتە) پاھىشىخانىدا مۇنداق بولۇپ قالدى، قىمارخانىدا مۇنداق بولۇپ قالدى، ئاق ساتتى، ۋەھاكازالار دەپ تارقىتىلىدۇ. بۇ

ئىككىسىنىڭ پەرقىگە قاراڭلار! خىتاي بولۇپ قالسا، ئۇ بىر ئادەم سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، ھەتتا ئىسمىمۇ تىلغا ئېلىنمايدۇ، ياكى كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىمۇ باشقا بىر ئىسىمغا ئۆزگەرتىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇردىن بىرەرسى بولۇپ قالسا، بۇنى مىللىتى بىلەن قوشۇپ تىلغا ئالىدۇ. غەرب دۇنياسىدىمۇ ئەھۋال شۇنىڭغا ئوخشاش. مۇسۇلماندىن بىرسى بىرەر ئىش قىلىپ قالسا: "پالانى مۇنداق ئىش قىلدى" ئەمەس، "مۇسۇلماندىن بىرسى مۇنداق ئىش قىلدى" دەيدىغان ئەھۋال بار. ئەمما خرىستىيان ياكى باشقا بىرسىدىن بىرەر ئىش شەكىللىنىپ قالسا، ئۇنىڭ شەخسى ئىسمى بىلەن چىقىدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىق بىر مەسىلە.

1995- يىلىدىكى ئوكۇلاھۇمادا پارتلىتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە ئۇلار: بۇ ۋەقەنى "مۇسۇلمان سادىر قىلدى" دەپ ئېلان قىلدى. كېيىن ئۇنى قىلغىنى خرىستىيان چىقىپ قالغان چاغدا بولسا:

"خىرىستىيان قىلدى" دېمەستىن "مىكفاي ئىسىملىك بىر ئادەم قىلدى" دەپ ئېلان قىلدى.

ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەم ئەسكى ئىشتىن بىرنى قىلىپ قالسا، مۇسۇلمان قىلدى دېيىلگەن بىلەن، نوبېل مۇكاپاتى ئالغۇدەك ياخشى ئىشتىن بىرەرنى قىلىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا "مۇسۇلمان" بولماي، "مىسىرلىق ياكى پاكىستانلىق . . . " قىلىنىپ، ئۇنىڭ مىللىتى ۋە دۆلىتى بىلەن ئاتىلىدۇ. مانا بۇ ئەھۋاللار، سۈيىقەستنى چۈشەنمىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چۈشكۈنلىشىش ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

يەنە بىر نۇقتا: غەربنى پەۋقۇلئاددە چوك كۆرۈش مەسىلىسى.

توغرا، غەربنىڭ ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتلەردە تەرەققىي قىلغىنى راست. لېكىن بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلغىنى يەنە بىر مىللەتنى پۈتۈنلەي ئورنىدىن تۇرالمايدۇ دېگەنلىكتىن دېرەك

بەرمەيـــــدۇ. ئـــــۆز ۋاقتـــــــدىكى پەيغەمـــــبەر ئەلەيھىسســـــالامنىڭ 23 يىلللـــــق ھايـــــاتىنى ئـــــويلاپ باقســـاق، 13 يىللىــق ھاياتتــا رەســۇلۇللاھقا ئەگەشــكەن ئادەملەرنـــڭ ئومـــۇمىي ســـانى 300 گە يەتمەيتتـــى. غەربـــتە رۇم دەپ چـــوڭ بـــر ئىمپېراتورلـــۇق، يەنە بـــر تەرەپـــتە بولســا، زېمىننىـــڭ شـــەرقىنى ئىگـــلەپ ياتقـــان چـــوڭ پـــارس ئىمپېراتـــورى بـــار ئـــدى. دېـــمەك رەســـۇلۇللاھ ئاجايـــپ چـــوڭ ئىككـــى ئىمپېراتورلۇقنىـــڭ ئوتتۇرىـــدىكى كىچىككىـــنە بـــر يەردە، ناھـــايىتى ئـــاز ســـان بـــلەن مەيـــدانغا چىقـــپ، بارغانسـېرى زورىيـــپ، بـــر تەرەپـــتىن يەمەن ئـــارقىلىق رۇملۇقلارغـــا يـــۈرۈش قىلـــپ رۇملارنـــى يوقـــاتتى. يەنە بـــر تەرەپـــتىن ئـــراق ئـــارقىلىق پارســـلارغا يـــۈرۈش قىلـــپ ئـــۇلارنى يوقـــاتتى. دېـــمەك، كىچىـــك ھـــالەتتە تـــۇرۇپ بۈيـــۈك تەخـــت ئىگىلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى ئىگەللىيەلىدى.

قانـــداقتۇر ئامېرىكىنىـــڭ، خىتاينىـــڭ، غەربنىـــڭ يـــاكى باشـــقا بـــر دۆلەتلەرنىـــڭ پەۋقۇلئـــاددە تەرەققىـــي قىلـــپ كەتكىنـــى، "مۇســـۇلمانلار ئەمـــدى ئورنىـــدىن تۇرالمايـــدۇ" دېگەنلىكـــتىن دېـــرەك بەرمەيـــدۇ. دېـــمەك،

غەربنى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىگە ھەددىدىن زىيادە چوڭ كۆرسىتىپ ۋە ئۇلۇغلاپ، ئۆزىمىزنى كەمسىتىش دەل مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە چۈشكۈنلۈك سالىدىغان، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇرىدىغان ۋە ئۈمىد چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار مۇسۇلمانلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ئۈمىدسىزلىك ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىسلام دۇنياسى ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، ھەمدە مۇنداق بىر ئەھۋالنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. ھەممە ئادەمنىڭ ھەقىقىي شەكىلدە مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامدا ياشىغۇسى بار. لېكىن قارىسا كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىكى ۋە مېدىيالاردىكى مۇسۇلماننىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولغاچقا، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن نومۇس قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ قېشىدا مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارىلىمايدىغان ھالەتكە كەلدى. ھەتتا بىر مۇسۇلمان مەلۇم بىر ئىشنى قىلدۇرۇش توغرا كېلىپ

قالسا، ئىككىلەنمەستىن يەنە بىر تىلدا پاراڭ
قىلىدىغانلارنىڭ قېشىغا ئاپىرىدىغان بولدى.
نېمىشقا؟ چۈنكى شۇنداق بىر ئىدىيە سىڭىپ
كەتكەنكى، "مۇسۇلمانلار ياخشى قىلالمايدۇ،
باشقىلار بۇ ئىشلارنىڭ ئەسلى ساھىبلىرى، بۇلار
ئوبدان قىلىدۇ".

بۇ خىل ئىدىيە ھەممىيلەننى كەينىگە
چېكىندۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ھەتتا ئۆزىمىزگىمۇ
ئىشەنچ قىلالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان.
ئەمما بىز ئۇنداق ئۇممەت بولماسلىقىمىز كېرەك
ئىدى. يۇقىرىدىكى ئامىللار بېسىپ تۇرسىمۇ ئەسلى
بىز ئۆلمەسلىككە تېگىشلىك ھەم ئەمەلىيەتتىمۇ
ئۆلمەيدىغان ئۇممەتمىز. يەنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا:
دۇنيادا نۇرغۇن ئىمپېراتورلۇقلار، پادىشاھلىقلار ۋە
جۇمھۇرىيەتلەر پەيدا بولۇپ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق
قىلىپ يوقالدى، يوقىلىدۇ ۋە يوقىلىۋاتىدۇ. ئەمما
مۇسۇلمانلار بىر مەزگىل ئازراق چۈشكۈنلەشسىمۇ،
بىر مەزگىل ئۈمىدسىزلەنسىمۇ، (ئىنشائاللاھ)
بۇرۇندىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر 1400 يىللىق

تەجـــربە شـــۇكى: ئۆلمـــدى، ئۆلمەيۋاتـــدۇ ۋە ھەم ئىنشائاللاھ بۇندىن كېيىنمۇ ئۆلمەيدۇ.

# ئۆلمەس ئۈممەت (2)

الحمد لله والصلاة والسلام على رسول الله محمد وعلى آله وصحبه ومن والاه! أما بعد:

يازمىمىزنىڭ بېشىدا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا كېلىۋاتقان تۈرلۈك خىرىسلار، سۇيىقەستلەر ۋە ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇرغان يەرلىك ۋە سىرتقى مۇھىتلارنىڭ روھىيىتىمىزنى چۈشۈرۈپ، ئۈمىدسىزلىككە تولدۇرۇپ، ئۈمىد چىراغلىرىمىزنى ئۆچۈرۈپ، مۇسۇلمانلار دۇنيادا غەلىبە قىلالمايدىغان، داۋاملىق تايىقىنى يەيدىغان، ئۇرۇش قىلسا يېڭىلىدىغان ۋە سىياسەتتە تېپىپ چىقىرىلىدىغان بىر مىللەتتەك تۇيغۇ بېرىدىغان ئامىللار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

يازمىمىزنىڭ داۋامىدا، «ئۆلمەس ئۆممەت» ئىكەنلىكىمىزگە دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر، ئېنىقلىمىلار ۋە ئۇقۇملارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز ئىنشائاللاھ!

رىئاللىق شۇنچە ئېچىنىشلىق، ئەتراپىتىكى سۈيىقەست شۇنچە زور، ھىيلە-مىكىر شۇنچە قەبىھ بولسىمۇ، ئەمما بىزدەك قولىدا قۇرئانى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سانىسىزلىغان ھەدىسلىرى بار بىر مىللەتنىڭ بۇنداق چېكىنىپ، ئارقىغا داجىپ كېتىشى ھەيران قالارلىق بىر ئىش. چۈنكى دۇنيادا بىزدىن باشقا ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ پەرۋەردىگارىدىن چۈشۈپ، ئۆزگەرمەستىن ئەسلى پېتى ساقلانغان كىتابى ۋە پەيغەمبىرى ھەممە ئىشلارغا تەبىر بېرىپ قويۇپ كەتكەن ھەدىسلىرى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان-ھەدىس غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىز، دۇنيانىڭ كەلگۈسى قانۇنىيىتى، خوجايىنلىقى ۋە چۇلۋۇرىنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋە شۇنداق خۇش بېشارەتلەرنى بېرىدىغان مەزمۇنلار بىلەن تولغان.

ئەلۋەتتە ئۆز دىنىنى ساپ مەنبەدىن ئالغان، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىپ، ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشەنگەن، رەببىنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۆزىگە ئوبدان قۇلاق سالغان، دىنى ۋە مېڭىۋاتقان يولىغا قەلبىدىن ئىشەنچ قىلغان ئادەمنى، ھەرگىزمۇ بىزنى چىرمىۋالغاندەك ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالمايدۇ ۋە ئۈمىد چىرىغى ئۆچۈپ قالماستىن، ئەكسىچە داۋاملىق يېقىغلىق تۇرىدۇ.

تۆۋەندە، كەلگۈسىدە غەلىبە قىلالايمىزمۇ؟ كەلگۈسىدە ئەھۋالىمىز داۋاملىق مۇشۇ پېتى كېتەمدۇ ياكى ئۆزگىرىش بولامدۇ؟ دېگەندەك بىر نەچچە خىل مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۆۋەندىكى ئون بىر تۈرلۈك نۇقتىدىن تەھلىل قىلىمىز، ئىنشائاللاھ!

1- نۇقتا: دۇنيادىكى پەلەك چاق قانۇنىيىتى:

تارىخقا ئوبدان قاراپ، ئالدى-كەينىدىكى رىئاللىقلارنى قايتىدىن نەزەرگە ئالغان ۋە تارىخ بېتىنى ۋاراقلاپ باققان كىشىلەر شۇ نۇقتىنى ئېنىق بىلەلەيدۇكى، دۇنيادا مۇنداق بىر قانۇنىيەت بار. ئۇ

بولىسىمۇ، ئاللاھ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەلەك چاقى ئورناتقان بولۇپ، بۈگۈن پەلەكنىڭ چاقى ماڭا كېلىدۇ، سەندىن كېتىدۇ. ئەتە ساڭا كېلىدۇ، مەندىن كېتىدۇ. بۈگۈن مەن پادىشاھ، سەن گاداي بولساڭ . ئەتە سەن پادىشاھ، مەن گاداي بولىمەن.

قۇرئان كەرىمگە قاراپ باقساق، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ﴾[1] «ئەگەر سىلەرگە شىكەستىلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستىلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈردى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)» دېگەن.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 140- ئايەت

ئىلگىرىكى ئۈممەت تارتقان جاپانى سىلەرمۇ تارتىشىڭلار ياكى سىلەر تارتقان جاپانى ئۇلارمۇ تارتقان. خۇددى سىلەر بۈرۈن خوجايىن بولغاندەك، بۈگۈنكى كۈندە باشقىلار خوجايىن بولۇۋاتىدۇ ياكى بۈرۈن باشقىلار خوجايىن بولغاندەك، سىلەرمۇ كەلگۈسىدە خوجايىن بولىسىلەر. بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى. ئەمما بۇ يەردە مۇنداق بىر ھەقىقەت بار، تارىختىن بۇيان نۇرغۇن ئىمپېرىيە، مەدەنىيەت ۋە ھازارەتلەر يوقۇلۇپ، دۇنيادىن كەتتى ياكى ۋەيران بولۇپ تۈگىدى. پەقەت بىرلا مىللەت قېلىپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام مىللىتى!

تارىختا نەزەر سالساق، دۇنيانىڭ غەربىنى ئىگىلىگەن رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ مەدەنىيەتلىرى قەيەردە؟ نەچچە ئون تاشلاندۇق ئىمارەتلەر ئاسارە-ئەتىقە سۈپىتىدە قېلىپ، باشقا ھېچقانداق ئالامەت-تەسىرى قالمىدى. يۇنان ۋە گرېك مەدەنىيەتلىرى نەگە كەتتى؟ پەقەت قۇرۇق پەلسەپە ۋە بۇتخانىلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىلىرى قالمىدى. پارس مەدەنىيەتلىرىچۇ؟ دۇنيادا ھېچقانداق ئالامەت

ۋە تەسىرى يوق ھالەتتە كەتتى. پىرئەۋنلەرچۇ؟ ئەلئىبھرام ۋە شىر تەنلىك ئادەمدىن ئىبارەت بىر نەچچە تال بەلگىسى قالدى. نۇرغۇنلىرى دېڭىزدا يەنە نۇرغۇنلىرى قەبرىدە قىيامەتنى كۈتۈپ يېتىۋاتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانى تىترەتكەن موڭغۇللار نەگە كەتتى؟ ھېچقانداق ئىزى قالماستىن باشقا مىللەتكە سىڭىپ كەتتى. كۈن پاتماس ئىمپېرىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى قەيەرگە كەتتى؟ مانا ھازىر ئاكىسى ئامېرىكىغا تايىنىپ ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۈن پاتماسلىقى تۈگىدى. ھەممىسى تۈگىدى، يوقالدى. پەقەت بىرلا مىللەت ھازىرغا قەدەر يوقالمىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام مىللىتى!

دېمەك، مۇسۇلمانلار ئۈممەتلىك ياشاش ئۈچۈن دۇنيا قانۇنىيىتىنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقى، بىر مەزگىل بىرىنىڭ مەيدانغا چىقىپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن مەيداندىن چۈشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قانۇنىيەتنى بىلىشى ۋە شۇنداقلا دۇنيادا ھازىر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان، ئۆزىنى چوڭ دۆلەت، چوڭ

ئىمپېرىيە ياكى دۇنيا ساقچىسى دەپ جار سېلىنىۋاتقان، مەيلى غەرب دۆلەتلىرىدىكى چوڭ-چوڭ دۆلەتلەر بولسۇن ياكى ئەتراپىمىزدىكى باشقا دۆلەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى پەقەت ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك!

2- نۇقتا: ئىسلام ئۈممىتى مەڭگۈ قالىدىغان ئۈممەت.

بىرىنچى نۇقتىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تارىختا نۇرغۇنلىغان بۈيۈك دۆلەت ۋە مەدەنىيەتلەر ئۆتكەن بولسىمۇ ھەممىسىنىڭ ئازغىنە تەسىرى بار ياكى يوق ھالەتتە تارىخ بېتىگە كۆمۈلۈپ كەتتى، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ چىقىرىۋېلىنىدىغان مىللەتتىن بىرى بار. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام مىللىتى! مەن بۇلارنى قانداقتۇر ئۆزىمىز مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن تەرەپبازلىق نۇقتىسىدىن دەۋاتقىنىم يوق! بەلكى ئىسلامنىڭ تارىخى، تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىگە نەزەر سالساق بۇ ھەقىقەت ئايان بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار زېمىندا ئاللاھ تەرىپىدىن گۇۋاھچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن مىللەت. گۇۋاھچى بولسا، بىر ۋەقەلىكتە باشتىن-ئاخىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ئۈممەتنىڭ گۇۋاھچى ئۈممەت ئىكەنلىكى ھەققىدە: ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾[1] «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق» دەيدۇ.

دېمەك، ئىسلام ئۈممىتى دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى تەربىيەلەپ قويۇپ كەتكەندىن تارتىپ، تاكى زامان ئاخىرىغا قەدەر، دۇنيادىكى بارلىق ۋەقەلىكلەر ۋە

[1] سۈرە بەقەرە 143- ئايەت

دۇنيادىن ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىغا شاھىت بولىدىغان ئۈممەتتۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ دەلىلى بىلەن ئۆزىمىزدىكى "يوقالماسلىق" تىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك! چۈنكى بۇ ئۈممەت، ئاللاھنىڭ زېمىنغا ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى رىسالىتىنى ئۈستىگە ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر، ئىسلامدىن كېيىن رىسالەت كەلمەيدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئاللاھ تائالا زېمىن ئەھلىنىڭ كەلگۈسىدە توغرا يولنى تېپىپ مېڭىشى ئۈچۈن، ئىسلام ئۈممىتىنى چوقۇم ساقلاپ قالىدۇ.

مۇسۇلمانلار دۇنيادىن يوقالسا، قايتا كېلىدىغان پەيغەمبەر ۋە قايتا چۈشىدىغان كىتاب يوق. چۈنكى ئاسمان بىلەن بولغان ۋەھيي ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، زېمىندا پەقەت بىزلا قېلىپ قالدۇق. زېمىندا بۇندىن كېيىنكى ھىدايەتكە يېتەكلەش ۋەزىپىسى بىزنىڭ ئۈستىمىزدە بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز يوقالمايمىز.

يوقالماسلىقىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، ئىسلام ئۈممىتى بولسا، دۇنيانى زۇلۇم ۋە جاھالەت قاپلاپ، مەزلۇملارنىڭ زېمىنلىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ، جانلىرى تەھدىتكە ئۇچرىغان ۋاقىتتىكى ئۈمىد چىرىغى بولۇپ، ئۇلارنى زۇلۇم ۋە جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئۈممەت.

دېمەك، بىز پۈتۈن دۇنيانىڭ كەلگۈسى ئەمىنلىكىگە مەسئۇل مىللەت. رەبئە بىن ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىنتايىن ئىخچاملاپ: "لَقَدْ ابتَعَثَنا اللّٰهُ لِنُخْرِجَ العِباد مِنْ عِباةِ العِباد إلى عِبادَةِ رَبِّ العِبادِ مِنْ جَوْرِ الأدْيانِ إلى عَدْلِ الإسلامِ وَمِنْ ضِيْقِ الدُّنْيا إلى سِعَةِ الدُّنْيا وَالآخِرَةِ" «ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى قۇلغا قۇل بولۇشتىن رەببىگە قۇل بولۇشقا، دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئەدلى-ئادالىتىگە، دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ كەڭرىچىلىكىگە چىقىرىش ئۈچۈن بىزنى ئەۋەتكەن» دەيدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئالاھىدىلىكىمىز.

پۈتۈن دۇنيانىڭ كەلگۈسىدىكى غەلىبىسى ۋە ئۈمىدى بىزگە باغلىق بولغاچقا، بىز يوقالمايمىز. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بۇ دۇنيانىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن بولۇپ، مۇسۇلمان يوقالدى دېگەنلىك، بۇ دۇنيا يوقالدى دېگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى بىز بۇ دۇنياغا ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەن، خۇددى پەيغەمبەرگە ئوخشاش بىر مىللەتمىز. ئەگەر مىللەت پەيغەمبەرلىك بىلەن سۈپەتلىنىدىغان بولسا ئىدى، ئىسلام مىللىتى پەيغەمبەر مىللەت بولغان بولاتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى سۈپىتىدە بىز قالدۇق. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان

[1] سۈرە ئال ئىمران 110- ئايەت

ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر» دەيدۇ.

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بېرىلگەن ۋەزىپىسى شۇنداق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىمىز؟ نېمە ئۈچۈن كەينىگە داجىپ كېتىمىز؟ بىز ئەسلىدە ئۆز ۋەزىپىمىز ۋە ئالاھىدىلىكىمىزنى تونۇپ، دۇنيادا بېشىمىزنى تىك تۇتقان ھالدا: "بىز سىلەرنىڭ يېتەكچىڭلار، بىز دۇنيانى يېتەكلەيدىغان كىشىلەر" دېگەن تۇيغۇ بىلەن ياشىشىمىز كېرەك ئىدى!

3- نۇقتا: مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدىكى جەڭ.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بىر ۋەدە بەرگەن: ﴿وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ اللَّهُ وَاللَّهُ خَيْرُ الْمَاكِرِينَ﴾[1] «ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى

[1] سۈرە ئەنفال 30- ئايەت

بەربات قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر».

مۇسۇلمانلار تەرەپ-تەرەپتىن ئۆزلىرىگە قارىتا جىنايەت، ھىيلە-مىكىر، سۇيىقەست، سەتلەشتۈرۈلۈش، ئوبرازىغا دەخلى يەتكۈزۈلۈش، خىيانەت، نىفاق ۋە يالغانچىلىقلارغا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «وَيَمْكُرُونَ» سۆزىنىڭ ئۇقۇمىدىن چىقىدۇ. ئەمما ئايەتنىڭ ئاخىرىغا قاراپ باقساق، ئاللاھ نېمە دەيدۇ؟ «وَيَمْكُرُ اللَّهُ» ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان پىلانلىرى، قەبىھ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ بەربات قىلىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى دۈشمەنلەرنىڭ بەك تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكى، مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان زىيانكەشلىكلىرىنىڭ ئىنتايىن زورلىقى، فىلىملىرىدىن ئىستىخباراتلىرىنىڭ يامانلىقى، مۇسۇلمانلارنى ھەرتەرەپتە ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقى، ئىسلام ئەللىرىگە قىلغان ھۇجۇملىرى . . . لارنى كۆرۈپ: يوۋۇۋۇ! ئۇلارنىڭ چارە-تەدبىر، تېخنىكىلىرى بەك ئۈستۈن

ئــكەن. بــز ئۇلارغــا قانــداقمۇ تەڭ كېلەلەيمــز!؟ دەپ ئــــويلاپ قالســــەن. يــــاق! ئەســــلدە ئايەتنــــڭ ئاخىرىــــدىكى «وَيَمْكُرُ اللَّـهُ» غــا ھەقىقــي شــەكىلدە ئىمانىــڭ بولســا ئــدى، يۇقىرىــدىكى خىياللارنىــڭ ھېچقايىســى كاللاڭغــا ھەرگىزمــۇ كەلمــگەن بــولاتتى. ئەكســىچە، ئۇلارنىــڭ قىلغــانلىرى ســېنىڭ شــۇلارغا لايىــق شــەكىلدە تەييــارلىق قىلىۋېلىشــىڭغا تــۈرتكە بولــدۇ خــالاس. كــۆز-قارىشــىڭ ھەقىقــي شــەكىلدە تــوغرا بولــۇپ، ئىمــان-ئېتىقادىــڭ جايىــدا بولســا «وَيَمْكُرُ اللَّهُ» دېيىشىڭ كېرەك!

﴿وَمَا قَدَرُوا اللَّـــــهَ حَقَّ قَدْرِهِ وَالْأَرْضُ جَمِيعًا قَبْضَـتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَالسَّـــمَاوَاتُ مَطْوِيَّاتٌ بِيَمِينِهِ سُـــبْحَانَهُ وَتَعَالَىٰ عَمَّا يُشْـرِكُونَ﴾[1] «ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشــتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئــاللاھنىــڭ چــاڭگىلىــدا بولىدۇ، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشــركلار) نىڭ شــېرىك كەلتۈرگەن

[1] سۈرە زۇمەر 67- ئايەت

نەرسىلەردىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر». شۇڭا بىز قورقماي دېيەلەيمىزكى: ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرگە يەتكەن چۈشكۈنلۈك -بۇ جەڭنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇچراۋاتقان توسالغۇلارنى ۋە باشقىلار بىلەن بولۇۋاتقان رىقابەتنى ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشەنمىگەنلىكىڭلارنىڭ ئىشى.

بۇ ئۇرۇش مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا بولغان ئۇرۇش بولماستىن، بەلكى كاپىرلار بىلەن رەببىمىز ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتۇر. دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قىلىۋاتقانلىرى، ئەمەلىيەتتە سىلەرگە قارىتا قىلىنغان بولماستىن بەلكى ئاللاھقا قارىتا قىلىنغان بولۇپ، بۇنى ئۆزۈڭلارغا ئېلىۋالغان بولساڭلار خاتالاشقان بولىسىلەر. سىلەر پەقەت بۇ ئورۇندا ئاللاھقا ۋاكالىتەن تۇرۇۋاتىسىلەر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ قَتَلَهُمْ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ رَمَىٰ﴾[1] «(ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى (يەنى

[1] سۈرە ئەنفال 17- ئايەت

مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) ئاللاھ ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى.» ﴿إِنَّهُمْ يَكِيدُونَ كَيْدًا﴾ ﴿وَأَكِيدُ كَيْدًا﴾[1] «ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (قۇرئاننى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن) ھەقىقەتەن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىگە تاقابىل تۇرىمەن» ﴿وَمَكَرُوا مَكْرًا وَمَكَرْنَا مَكْرًا وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ﴾[2] «ئۇلار (سالىھقا قارشى) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن) سۇيىقەستى ئۈچۈن تۇيۇقسىز جازالىدۇق» ﴿فَانظُرْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ

---

[1] سۈرە تارىق 15- ئايەت

[2] سۈرە نەمل 50- ئايەت

مَكْــرِهِمْ أَنَّا دَمَّــرْنَاهُمْ وَقَــوْمَهُمْ أَجْمَعِــينَ﴾[1] «ئۇلارنىــــــڭ سۇيىقەســــتىنىڭ ئاقىۋىتىنىــــڭ قانــــداق بولغانلىقىغــــا قــارىغىنكى، ئــۇلارنى ۋە ئۇلارنىــڭ قــوۋمىنى پۈتــۈنلەي هــالاك قىلــدۇق» دېــگەن. دېــمەك، بــۇ جەڭ مــاهىيەتتە ســـىلەر بىــــلەن كۇپپارلارنىـــڭ ئارىســـىدىكى ئەمەس، بەلكى كۇپپارلار بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىدىكى جەڭدۇر.

ئەگەر ئـــاللاھ بىزنـــى ئەزىـــز قىلىـــپ، ئېتىبارغــــا ئالمىســـــا ۋە رەھـــــمەت قىلمىســـــا ئـــــدى، ئۆزىنىــــڭ ئەســــــكىرى قىلىــــــپ تاللىمىغــــــان بـــــولاتتى. ئەلهەمـــــدۇلىللاھ! بىزنـــــى مـــــۇئمىن بەنـــــدىلىرىنىڭ قاتارىـــــدىن قىلـــــدى. دىـــــن دۈشـــــمەنلىرى بىـــــلەن قىلىنىۋاتقــان جەڭــدە بىزنــى ئەســكەر قىلــدى ۋە بــۇ ئارقىلىق بىزنى بۈيۈك بىر شەرەپكە ئىگە قىلدى.

ئۆزىنىــــــڭ مۇســــــۇلمانلىقى ۋە ئاللاھنىــــــڭ قوشــــۇنىنىڭ بىــــر ئەســــكىرى بولغــــانلىقى بىــــلەن پەخىرلىنىــــدىغان مۇســــۇلمانغا دېيىشــــىمىز كېرەككــــى: ئەي مۇســـــــۇلمان! ئۆزۈڭنىـــــــڭ كىـــــــم ئۈچـــــــۈن

[1] سۈرە نەمل 51- ئايەت

ئىشلەۋاتقانلىقىڭنى، قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىڭنى بىلىشىڭ كېرەك! سەن ئاللاھ ئۈچۈن ئىشلەۋاتىسەن. ئاللاھ تەرىپىگە كېتىۋاتىسەن. شۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەككى: گەرچە ئەتراپىڭكى سۈيىقەستچى دىن دۈشمەنلىرى تەرەپ-تەرەپتىن قورشاپ، كامېرا ۋە باشقا ۋاستىلەر بىلەن كۆزىتىپ، تۈرلۈك پىلانلارنى تۈزىگەن بولسىمۇ، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى! ئاللاھ ئۇلارنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئاللاھنىڭ كۆزىدىن يىراقمۇ؟ ياق! ياق! ياق! ﴿يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِن تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ فَتَكُن فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِي الْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ﴾[1] «(لوقمان ئېيتتى) «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىنىنىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ

[1] سۈرە لوقمان 16- ئايەت

ھېسابىنى ئالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر».

ئاللاھ قاپقاراڭغۇ كېچىدە قارا تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان قارا چۈمۈلىنى كۆرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشى ئاللاھنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر سەن مۇشۇ نۇقتىغا ئىشەنسەڭ، ھەممە ئىشتىن خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ.

ئەجەبا ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمىزمۇ؟ ئۇلارنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ نەگە چۈشۈپ نەگە تېگىدىغانلىقىنى ئاللاھنىڭ بىلىشىگە بىزنىڭ ئىمانىمىز يوقمۇ؟ يوپۇرماقلارنىڭ زامان-زامانلار ئىچىدە نەدىن چۈشۈپ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئاللاھ، باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ نەگە چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەسمۇ؟ ئەگەر بىلمەيدۇ دەپ قارىساق، ياكى بۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچىمىز بولمىسا، قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتلەرگە نەزەر سېلىشىمىز كېرەك: ﴿وَعِندَهُ مَفَاتِحُ الْغَيْبِ لَا يَعْلَمُهَا

إِلَّا هُوَوَيَعْلَمُ مَا فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَمَا تَسْقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلَّا يَعْلَمُهَا وَلَا حَبَّةٍ فِي ظُلُمَاتِ الْأَرْضِ وَلَا رَطْبٍ وَلَا يَابِسٍ إِلَّا فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ * وَهُوَ الَّذِي يَتَوَفَّاكُم بِاللَّيْلِ وَيَعْلَمُ مَا جَرَحْتُم بِالنَّهَارِ ثُمَّ يَبْعَثُكُمْ فِيهِ لِيُقْضَىٰ أَجَلٌ مُّسَمًّى ثُمَّ إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ ثُمَّ يُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ * وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَيُرْسِلُ عَلَيْكُمْ حَفَظَةً حَتَّىٰ إِذَا جَاءَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ تَوَفَّتْهُ رُسُلُنَا وَهُمْ لَا يُفَرِّطُونَ﴾ «غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر. ئاللاھ سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن

مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان-ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ»

مانا بۇ ئايەتلەرگە قارىساق، ئاللاھنىڭ ھەربىر نۇقتىلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن بىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەگەر ئاللاھ كۇپپارلارنىڭ قىلىۋاتقان تەدبىرلىرى، ياساۋاتقان ئوق-دورىلىرى، باشقۇرۇلىدىغان ۋە ئاتوم بومبىلىرىنى بىلىدۇ دەپ ئىشەنسەك، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ھەر قانچە تەييارلىقى، قورۇۋاتقان ئارمىيەلىرى بىزگە نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلالمايدۇ. ئەكسىچە قاچانكى،

ئاللاھنىڭ مۇشۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە بىزگە ھەر ۋاقىت كۈچ-كۈل بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز تۈۋەنلىسىلا بىزدە سولغۇنلۇق ۋە ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولىدۇ.

4- نۇقتا: قۇرئان-ھەدىستىكى بىزگە بېرىلگەن غەلىبە بېشارىتى .

بىز بۈندىن كېيىن دۇنيانىڭ ئالدىغا ئۆتەلەمدۇق ياقمۇ؟ غەلىبە قىلالامدۇق ياقمۇ؟ دېگەن نۇقتىلار ھەققىدە قولىمىزدىكى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرگە قايتىدىن بىر قاراپ باقايلى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ھەر ۋاقىت قارىشىمىز كېرەك! قۇرئان كەرىم بۇ ھەققىدە نېمە دەۋاتىدۇ؟ ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ الْمُؤْمِنِينَ﴾[1] «مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى» ﴿إِنَّا لَنَنصُرُ رُسُلَنَا

[1] سۈرە رۇم 47-- ئايەت

وَالَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ الْأَشْهَادُ﴾[1] «شەك-شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز» ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾[2] «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم

---

[1] سۈرە غافىر 51- ئايەت

[2] سۈرە نۇر 55- ئايەت

قىلىپ بېرىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشىنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر»

يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغىنىمىزدا، بىزدە ھەقىقىي ئىمان-ئېتىقاد ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى بولغان ياخشى ئەمەللەر، شېرىكسىز خالىس ئىبادەتلەر شەكىللەنگەن ۋاقىتتا، يەر يۈزىدىكى ھوقۇقىمىز قولىمىزغا قايتىپ كېلىدۇ. دىنىنىڭ زېمىندا ئالىي ئورۇنغا چىقىشى ۋە زور قورقۇنچلارنى يېڭىپ خاتىرجەملىككە ئېرىشىشىمىز، ئاللاھنىڭ بەرگەن ۋەدىسىدۇر. بۇ ۋەدە پۈتۈن ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىسى ۋە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان ئاللاھ تەرىپىدىن چوقۇم ئەمەلىيلىشىدۇ.

مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىغا قاراپ باقساق، رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە

كېلىپ ئورۇنلىشىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە، مەدىنىدە تەخمىنەن 20 گە يېقىن يەھۇدىي قەبىلىسى بار ئىدى. خۇددى بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكىگە ئوخشاش شۇ ۋاقىتتىمۇ يەھۇدىيلار مەدىنىدىكى ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئەرەبلەرگە نىسبەتەن ئۇقۇمۇشلۇق، ھەممە ساھەلەردە مەلۇماتلارغا ئىگە كىشىلەر دەپ قارىلاتتى. بۇلار ئۆزلىرىگە مەخسۇس قورغان-سېپىللارنى سېلىۋالغان بولۇپ، ئەتراپتىكى دۈشمەنلەر يەھۇدىيلارنى قورغان-سېپىللاردىن ھەرگىزمۇ چىقارغىلى بولمايدۇ. ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ دەپ ئويلايتتى. قاراپ باقساق ئاخىرىدا قانداق بولدى؟ مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلدىغۇ! ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي أَخْرَجَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ مِن دِيَارِهِمْ لِأَوَّلِ الْحَشْرِ مَا ظَنَنتُمْ أَن يَخْرُجُوا وَظَنُّوا أَنَّهُم مَّانِعَتُهُمْ حُصُونُهُم مِّنَ اللَّهِ فَأَتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ حَيْثُ لَمْ يَحْتَسِبُوا وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ الرُّعْبَ يُخْرِبُونَ بُيُوتَهُم بِأَيْدِيهِمْ وَأَيْدِي الْمُؤْمِنِينَ

فَاعْتَبِرُوا يَا أُولِي الْأَبْصَارِ﴾[1] «ئـــاللاھ ئەھلـــى كىتـــابتىن بولغـــان كـــاپىرلارنى (يەنـــى بەنـــى نەزىـــر يەھـــۇدىيلىرىنى) تـــۇنجى قېتىملىـــق ســـۈرگۈندە ئۆيلىرىـــدىن ھەيـــدەپ چىقـــاردى، ســـىلەر ئـــۇلارنى (كۈچلـــۈك تـــۇرۇپ مۇنـــداق خـــار ھالـــدا) چىقـــىپ كېتىـــدۇ دەپ گۇمـــان قىلمىغـــان ئىـــدىڭلار، ئـــۇلار ئۆزلىرىنىـــڭ قورغـــانلىرىنى ئـــۆزلىرىنى ئاللاھنىـــڭ (ئازابىـــدىن) توســـىيالايدۇ دەپ ئويلىغـــان ئىـــدى، ئۇلارغـــا ئاللاھنىـــڭ ئـــازابى ئـــۇلار ئويلىمىغـــان يەردىـــن كەلـــدى. ئـــاللاھ ئۇلارنىـــڭ دىللىرىغـــا قورقـــۇنچ ســـالدى، ئـــۇلار ئـــۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىـــڭ قـــوللىرى ۋە مۇئمىنلەرنىـــڭ قـــوللىرى بىـــلەن بـــۇزدى، ئـــى ئەقـــىل ئىگىلىرى! (ئۇلارنىڭ ھالىدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار»

بۈگـــۈنكى كۈنىمىزدىمـــۇ ئەھـــۋال شـــۇنداق. ئۇلارنىـــــــڭ دۆلەت مـــــــۇداپىئە ئەســـــــلىھەلىرى . . ئـــــــارمىيەلىرى . . مـــــــۇداپىئە مىنىســـــــتىرلىكى . . قوللىرىـــدىكى ھەرخىـــل تېخنىكـــا . . . يـــاق! يـــاق! يـــاق! دۇنيانىـــڭ قـــانۇنىيىتى بـــويىچە ئەگەر ھەقىقـــي رەۋىشـــتە

[1] سۈرە ھەشر 2- ئايەت

ئۆزىمىزگە ئىشەنسەكلا، ۋاقتى كەلگەندە بۇلار ھېچنېمىگە دالدا بولالمايدۇ. ئەگەر بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پەخىرلىنىپ تۇرۇپ: بىزنىڭ مۇنداق پەيغەمبىرىمىز بار! دېيەلەيدىغان مۇسۇلمان بولساق، رەسۇلىمىزنىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سالايلى!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "إِنَّ اللَّهَ زَوَّى لِيَ الأَرْضَ فَرَأَيْتُ مَشارِقَها وَمَغارِبَهَا وَإِنَّ أُمَّتِي سَيَبْلُغُ مُلْكُهَا ما زُوِيَ لِيَ مِنْهَا" «ئاللاھ ماڭا زېمىننىڭ مەشرىق-مەغرىب ھەممە يەرلىرىنى كۆرسەتتى. ئۈممىتىمنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ماڭا كۆرسىتىلگەن دائىرىگىچە يېتىپ بارىدۇ». دېمەك، زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە مۇسۇلمانلار ئىگە بولىدۇ دەۋاتىدۇ. ئەكسىچە بىز بولساق: ۋاي غەرب دېگەن تەرەققىي قىلىپ كەتتى، ئۇ خەقكە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ . . . دېيىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى بەك چۈشۈرۈۋاتىمىز، لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇنداق دېمەيۋاتىدۇ .

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: لَيَبْلُغُنَّ هَذا الأَمْرَ ما بَلَغَ اللَّيْلُ وَالنَّهار ولا يترك الله بيت

مدر ولا وبر إلا أدخله الله هذا الدين بعز عزيز أو بذل ذليل عزاً يعز الله به الإسلام وذلاً يذل الله به الكفر «كېچە-كۈندۈز بولىدىغانلا يەرنىڭ ھەممىسىگە ئىسلام يېتىپ بارىدۇ. ھەمدە ئاللاھ بۇ دىننى شەھەر يېزا قويماي ھەربىر ئۆيگە كىرگۈزىدۇ. يا ئەزىزلىك بىلەن كىرىدۇ ياكى خارلىق بىلەن كىرىدۇ». ئەمەلىيەتتە بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنى قىزىقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن مۇنداقلا دەپ قويغان سۆز ئەمەس. چۈنكى رەسۇلۇللاھ بىزلەردەك ئەتراپىدىكىلەرنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن چۆچەك-ھېكايە سۆزلەپ قويىدىغان زات ئەمەس. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەربىر سۆزى ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋەھىيدۇر.

ئىمام ئەھمەد نەقىل قىلغان ۋە ئەلبانىي سەھىھ دەپ باھالىغان بىر ئەسەردە ئەبۇ قۇبەيل رەھىمەھۇللاھ دەيدۇ: بىز ئابدۇللاھ بىن ئەمرى بىن ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا ئىدۇق. ئۇ كىشىدىن: رۇم بىلەن قۇستەنتىنىيەنىڭ قايسىسى بالدۇر فەتھ قىلىنىدۇ. دەپ سورىلىۋېدى، ئەمرى

بىر ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساندۇقتىن بىرنى ئەكەلدۈرۈپ، ئىچىدىن بىر دانە خەتنى چىقاردى ۋە: بىر ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، دەپ بەرگەن سۆزلىرىنى يېزىۋاتاتتۇق. قۇستەنتىنىيە بىلەن رۇمنىڭ قايسىسى بۇرۇن فەتھە قىلىنىدۇ؟ دەپ سورىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھىرەقلىنىڭ شەھرى (قۇستەنتىنىيە) بۇرۇن فەتھە قىلىنىدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇ ۋاقىتتا قۇستەنتىنىيە شەرقىي رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى. يەنى ھازىرقى ئىستانبۇل. رۇم بولسا غەربىي رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن ئىككى شەھەرنىڭ فەتھە قىلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلەن خەۋەر بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ۋەزنى خۇددى مېنىڭ سىلەرگە: بىز ئىنشائاللاھ نيۇيورك، ۋاشىنگتون ياكى كرېمىل سارىيىنى ئالىمىز! دېگىنىمدەك گەپ. ئەگەر مەن ھازىر

مۇشۇنداق گەپنى قىلسام باشقىلار نېمە دەيدۇ؟ ماڭغىنە ۋاي! چۈشەپ قاپسەن دەيدۇ ياكى ئېغىزىدا دېمىسىمۇ كۆڭلىدە شۇنداق ئويلايدۇ. ساھابىلەر: بۇ ئادەم پەيغەمبەر دېسە ئىشەنسەك، پو گەپ قىلىدىيا! دېگەنمىدۇ!؟ ياق!!! ئۇلار ئۇنداق دېمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىمانى شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھەربىر سۆزنىڭ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

تارىختا قارايدىغان بولساق، ئىستانبۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ بېشارەتنى بېرىپ 800 يىلدىن كېيىن يەنى، ھىجرىيەنىڭ 857- يىلى جۇمادىيەلئۇۋۋەلا ئېيىنىڭ 20- كۈنىدە تۈرك ئوغلانى، مۇجاھىد "مۇھەممەد فاتىھ" نىڭ قولىدا ئازاد بولدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بەك چوڭ ئىش. ئىستانبۇل ئۆز ۋاقتىدىكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي پايتەختى بولۇپ، خۇددى ھازىرقى ۋاشىنگتون دېگەندەك يەر. ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر

ئەلەيھسسالام: ئازاد بولدۇ -دېدى، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئىشەندى. تارىختىن بۇيان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ شۇ بېشارىتىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مۇجاھىدلار تىرىشتى. ئاللاھ تەقدىر قىلغانغىچە ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالدى. ئاخىرىدا تۈرك مۇجاھىد، ئىسلام خەلىپىسى "مۇھەممەد فاتىھ" نىڭ قولىدا ئازاد بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بېشارەت بەرگەن ئورۇننىڭ ئىككىنچىسى بولغان رىمغا ئەسكەر تارتقان بولسىمۇ، ئاللاھ نېسىپ قىلمىغان ئىدى.

خۇداغا شۈكرى رىم ئازاد بولماپتىكەن. ئۇنداق دېسەم: نېمانداق دەيدىغاندۇ دەپ قالماڭلار! رىم (ئىتالىيەنىڭ پايتەختى) ھازىرغا قەدەر ئازاد بولمىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ بېشارىتى ھېلىھەم بار. ئاللاھ مۇھەممەد فاتىھقا شۇ ۋاقىتتا مۇۋەپپەقىيەت بېرىپ ئازاد قىلىشقا نىسىپ قىلغان بولسا، بىزدە ھازىر ئۈمىد قىلغۇدەك نېمە قالاتتى؟! ئەمما ھازىر ئۈمىد قىلغۇدەك بىر نەرسە بار.

رىمنىڭ ئازاد بولۇشى توغرۇلۇق، خۇددى ئىستانبۇلغا بىرىلگەندەكلا بىشارەت بار بولغان ئىكەن، قەلبىمىزدە شۇ بولۇشى كېرەككى: ھامان بىر كۈنى ئۇنى ئازاد قىلىمىز! يەنى، ئىتالىيەنى ھامان قولغا ئالىمىز! ھازىرقى چۈشكۈنلىكىمىز ۋە خارلىقىمىزدىن قۇتۇلۇشلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆزىمىزنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن ئىتالىيەگە بارىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىشارىتى بويىچە ئىتالىيە چوقۇم بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئەسلىدىنلا بولۇشقا تېگىشلىك ئۈمىد-ئارزۇ ئىدى. شۇڭا بۇ نۇقتىغا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك! قۇرئان-ھەدىسلەردىكى بىشارەتلەرگە چوقۇم ئىشىنىشىمىز كېرەك! شۇ بىشارەتلەر بىلەن قەلبىمىزنى ئۈمىدكە تولدۇرۇشىمىز كېرەك! ئاللاھ ھەممەيلەننىڭ قەلبىدىكى ئۈمىدنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بەرسۇن!

5- نۇقتا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە پۈتۈن دۇنيانىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىككى شەھەرنىڭ بېشارىتى بىلەنلا توختاپ قالغان ئەمەس. بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ بىزنىڭ ئىلكىمىزگە ئۆتىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە-بېشارەتلەرنى بەرگەن. پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭكى. بۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس. ئېغىزىمىزدىن چىققان بۇ گەپنىڭ ئەمەلىيلەشكىنىنى يا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز، يا بالىلىرىمىز، يا بولمىسا نەۋرىلىرىمىز كۆرىدۇ. بىر-ئىككى يۈز يىل بىزگە نىسبەتەن چوڭ گەپ بولغان بىلەن، ئاللاھقا نىسبەتەن چوڭ گەپ ئەمەس.

تارىخ سەھىپىسىگە باشتىن-ئاخىر قاراپ باقساق ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرىمىز. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدر ئۇرۇشىغا ئويلىمايلا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئەسلىدە بىر كارۋاننىڭ ئالدىغا چىققان ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ سانى

پەۋقۇلئـــاددە پەرقلىنەتتـــى. مەلۇماتلارغـــا قارىغانـــدا مۇشـــرىكلارنىڭ ســـانى مىڭـــدىن ئـــارتۇق. مۇســـۇلمانلارنىڭ ســـانى بولســـا 300 نەچـــچە ئەتراپـــدا ئـــدى. ئـــاللاھ بـــۇنى قۇرئـــان كەرىمـــدە تـــارىخ بىـــتىگە ئىزنـــا شـــەكىلدە يېزىـــپ مۇنـــداق دېـــدى : ﴿وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّـهُ بِبَـدْرٍ وَأَنـتُمْ أَذِلَّـةٌ ۖ فَـاتَّقُوا اللَّـهَ لَعَلَّكُـمْ تَشْـكُرُونَ﴾[1] «ئـــاللاھ ســـىلەرگە بەدرىـــدە نۇســـرەت ئاتـــا قىلـــدى، هـــالبۇكى، ســـىلەر كۈچســـىز ئـــدىڭلار (ســـانىڭلار ۋە قـــورالىڭلار ئـــاز ئـــدى). ئاللاهنـــىڭ ســـىلەرگە بەرگەن نۇســـرىتىگە شـــۈكۈر قىلىـــش يۈزىســـدىن ئـــاللاهتىن قورقۇڭلار»

بـــۇ ۋەقە ئىســـلام تارىخىـــدىكى يـــۈز بەرگەن تـــۇنجى ۋەقەلىـــك بولغاچقـــا هەممەيـــلەن بىلىمىـــز. بۇنىڭدىن باشقا ۋەقەلىكلەرگىمۇ قاراپ باقايلى:

[1] سۈرە ئال ئىمران 123- ئايەت

يەمامە ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار 12 مىڭ ئەسكەر بىلەن 40 مىڭ ئەسكەر (مۇرتەدلەردىن) ئۈستىدىن غەلبە قىلغان.

- خالىد بىن ۋەلىد ئىراقنى 18 مىڭ ئەسكەر بىلەن 60 مىڭ پارس قوشۇنىنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ فەتىھ قىلغان.
- قادىسىييە ئۇرۇشىدا 32 مىڭ ئەسكەر بىلەن 240 مىڭ پارس قوشۇنىنىڭ ئۈستىدىن يېڭىپ، ئۇلارنىڭ شانۇ-شەۋكىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ غەلبە قىلغان.
- نەھاۋەند ئۇرۇشىدا 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن 150 مىڭ پارس قوشۇنىنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلغان.
- تەستەر مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىشتا 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن 150 مىڭ پارس قوشۇنى مۇھاسىرىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن.
- يەرمۇك ئۇرۇشىدا 36 مىڭ ئەسكەر بىلەن 200 مىڭ رۇم قوشۇنىنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلغان.

- ۋادى ربـــات ئۇرۇشـــدا (هـــازىرقى ئىســـپانىيەنى ئــازاد قىلىشــتا) 12 مــڭ ئەســكەر بىــلەن 100 مــڭ ئىســـپانىيە ئەســـكىرىنىڭ ئۈســـتىدىن غەلـــبە قىلغان.

بـــۇ هـــېچكىم ئىنكـــار قىلالمايـــدىغان ئەمەلـــي، رېئـــال تارىخ. بۇنداق ۋەقەلەر بەك كۆپ.

ئەمەلىيەتــتە ئىســلام تارىخىــدا مۇســۇلمانلارنىڭ مۇســـبەتلىك كۆنلىرىمـــۇ بولمىغـــان ئەمەس. بىـــز هـــازىر ئـــويلاپ: رەســـۇلۇللاھ ۋە ســـاهابىلارنىڭ ۋاقتـــى دېـــگەن ئاجايـــپ بىـــر ۋاقـــت ئىـــدى دەيمـــىز. ئەمەلىيەتـــتە مۇســـــۇلمانلار ئـــــۇ ۋاقىتتــــا هازىرقـــــدىن يامـــــانراق خاپىلىقتـــا ۋە ئـــۇ ۋاقىتتىكـــى قورقـــۇنچ هازىرقـــدىن بەتـــتەر ئىـــدى. مەســـلەن: رەســـۇلۇللاھ ۋاپـــات بولـــۇپ دۇنيـــــادىن كەتتـــــى. مەكـــــكە، مەدىـــــنە، تـــــائىف ۋە بەهرەيىنـــدىكى بىـــرنەچچە كەنتـــتىن باشـــقا كىشـــلەرنىڭ هەممىســـــى مـــــۇرتەت بولـــــۇپ كەتتـــــى. بـــــۇ ئەهـــــۋالنى ئـــويلاپ بـــېقىڭلار! ئەگەر بىزلەرنىـــڭ بېشـــىمىزغا كېلىـــپ، تۆپۈقســـىزلا خـــوتەن بىـــلەن قەشـــقەرلا قېلىـــپ ئۇنىڭـــدىن

باشقا يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئىماندىن چىقىپ كەتسە، قانداق ھېسسىياتتا بولۇپ قالىسىلەر دەپ بېقىڭلار! "ئاپلا بۇ ئىش بولمىدى. ئەمدى بۇلارنى دىنغا قايتۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. كۆرمىدىڭلارمۇ؟! تۆت تال ئادەم قالدۇق. قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئىماندىن چىقىپ كەتتى!" دەيسىلەر.

ساھابىلەر قانداق پوزىتسىيەدە بولدى؟ بوشىشىپ كەتتىمۇ؟ ياق! ساھابىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇلايىملىق بىلەن تونۇلغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋاقىتتا ئارسلان كەبى بولۇپ كەتتى. تارىختا مەشھۇر بىر سۆزنى قالدۇردى: "أينقُصُ الدِّين وأنا حَيٌّ" «مەن ھايات تۇرۇپ بۇ دىن ئاجىزلاپ كېتەمدىكەن؟!» يەنە: "أقاتِلُهُم وَحْدِي حَتَّى تَنْفَرِدُ سالفتِي" « يالغۇز قېلىپ بوينۇم كېسىلگىچە ئۇرۇش قىلىمەن!». مانا بۇ ھەقىقىي ئىشەنچ بولۇپ، بۇ ئىشەنچ ياۋاش چىراي ئادەمنىمۇ ئارسلان كەبى قىلىۋېتىدۇ.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇلايىملىقى بىلەن تونۇلغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا كەسكىنلىكى بىلەن تونۇلغان. ئەمما بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارسلان كەبى بولۇپ كەتتى. شۇنداق بولغاچقا مۇسۇلمانلار تىك تۇرالىدى. بىر يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى. ئەسلىگە كېلىش بىلەن بىرگە، يەنە پارس ۋە رۇملارغا ئەسكەر ئەۋەتتى. ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ الْمُؤْمِنِينَ﴾[1] «مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى». مانا بۇ ھەقىقىي ئىشەنچ، ھەقىقىي تىرىشچانلىق، شۇنداقلا بۇنىڭ مېۋىسى بولغان غەلىبىدۇر.

ئەگەر تارىخ ئوقۇغان بولساڭلار بىلىسىلەر، ئىسپانىيە 800 يىل مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا تۇرغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشتىن ئىلگىرى 20 نەچچە كىچىك دۆلەت ئىدى. ئۇ يەردە

[1] سۈرە رۇم 47-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

خىيانەتچىلىك، ئەخلاقسىزلىق، چوشكوئىلىشش، زىنا-پاھىشە، ھاراق-شاراب، بۇلاڭ-تالاڭ ياماراپ، پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكەن بىر يەر ئىدى. ئەگەر ھەقىقىي تارىخنى تاپالىساڭلار ئوقۇپ باقساڭلار ياكى ئىسپانىيە توغرىسىدا بۇرۇنقى ئىشلەنگەن فىلىملەرنى كۆرۈپ باقساڭلار بولىدۇ.

شۇ ۋاقىتتا ئىسپانىيەگە شەيخ ئابدۇللاھ بىن ناسىر ئىسىملىك ئىخلاسمەن بىر ئادەم كېلىپ، ئىشەنچ بىلەن خىزمەت قىلىدى. ئۆگەتتى، تەربىيەلىدى، كۆرەش قىلدى ۋە چىدىدى. بارا-بارا سان كۆپىيىپ، كېيىنچە ئىسپانىيە دۆلەت شەكلىدە فەتىھ قىلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا 800 يىل تۇردى.

ئەمەلىيەتتە ئىنسان ھەقىقىي ئىشەنچكە تولغان ۋاقىتتا، يالغۇز ھالەتتىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ. ھەرگىز ئۆزۈڭلارنى كىچىك چاغلاپ: مەن قانچىلىك ئادەمتىم؟ دېمەڭلار! ئاراڭلاردىكى ھەربىرىڭلارنىڭ كەلگۈسىدە دۇنيانى فەتىھ قىلىدىغان، دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان ئادەم بولۇشى

ھەرگىزمۇ يىراق ئەمەس. يۇقىرىدىكى تارىخنى ئاڭلىدىڭلارغۇ! بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز ئىسپانىيەگە بېرىپ، ئۇزلۇكسىز دەۋەت قىلىپ ئاخىرى ئىسپانىيە فەتھ قىلىندى.

ئەگەر بۇ ۋەقەلىكلەردىن خەۋەرسىز بولساڭلار، ئەتراپىمىزغا قاراپ باقايلى! "ۋاي ئۇنداق قىلىپ كەتتى، مۇنداق قىلىپ كەتتى" دېگەن ئىسرائىلىيەگە، ئەمدى تېخى ئاران ئاتمىش نەچچە يىل بولدى. 1948- يىلى دۆلىتىنى قۇردى. پەلەستىنىنى بېسىۋالغىلى ئەمدى تېخى ئاتمىش- يەتمىش يىل بولدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تارىخقا قارىساق، پەلەستىنىنى نەچچە ئەسىر ئىلگىرى بىردەم يەھۇدىيلار، يەنە بىردەم ئەھلى سەلىبلەر نەچچە قېتىملاپ بېسىۋالغان بولۇپ 200 يىل ئەھلى سەلىبنىڭ قولىدا تۇرغان ۋاقىتتا، بىر كۈندىلا 70 مىڭ مۇسۇلماننى قىرىپ تىزىغىچە قاندا ماڭغانىغۇ! شۇنچە ئىشلاردىن كېيىن يەنە قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەنىغۇ! 60 يىل ئىسرائىلىيەلىكلەر شۇنداق بېسىۋېلىپلا دۆلىتىنى قۇرۇپ بولغۇچە

ئۆمىدسىزلىنىپ: ۋاي پەلەستىن قولىدىن كەتتى! ئىسرائىلىيەنىڭ تېخنىكىسى يۇقىرى، قوراللىرى ئىلغار . . . دەپ كەتسەك بولمايدۇ. 200 يىل پەلەستىننى بېسىۋالغان ئەھلى سەلىبلەر شۇ پېتى كەتتىمۇ؟ ياق! تارىخ تەتۈرىگە چۆرگۈلىدى، دۆلىتى يوقالدى.

تاھارەتلىك، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ھاياتىغا تەتبىقلىغان، نامازنى خۇشۇ بىلەن ئوقۇيدىغان، ئاللاھ يولىدا قىلىچ كۆتۈرگەن، رەببىگە تايىنىدىغان، ئاللاھ ھەققىدە ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقمايدىغان، ئىمادۇددىن زەنكى، نۇرۇددىن، مەھمۇد ئەلشەھىد ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى سالاھىددىن ئەييۇبى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!) قاتارلىق مۇجاھىدلىرىمىز ئاخىرىدا ھەقىقىي ئىشەنچ بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پەلەستىننى ئازاد قىلىپ پۈتۈن ئەھلى سەلىبلەرنى قوغلاپ چىقاردىغۇ! مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھەم قوغلاپ چىقىرالايدۇ ئىنشائاللاھ! پەلەستىنلا ئەمەس بەلكى دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىكى

باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىۋېلىنغان زېمىنلارنىڭ ھەممىسىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بۇ مۇقەررەر، بۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەك!

6- نۇقتا: تارىختا يۈز بەرگەن غەلىبىلەر بۈگۈنكى كۈنىمىزدىمۇ يۈز بېرىدۇ.

يۇقىرىدا تارىختا ئۆتكەن غەلىبىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولساق، ئەمدى ئەتراپىمىزدىكى رېئاللىققا قاراپ باقايلى! بىز ھەممىمىز 80- يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلغان. ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلاشلارغا قارىغاندا قىرىق-ئەللىك يىللاپ دىيارىمىزدا مەسچىتلەر ئېچىلمىغان، قۇرئانلىرىمىز كۆيدۈرۈلگەن، ئۆلىمالىرىمىز پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتلار بولغان. ئەگەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياشاپ قالغان بولساق، بەلكىم بىزدىمۇ ئۈمىدسىزلىك شەكىللىنىشى مۇمكىن ئىدى.

ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ سىرتلارغا قاراپ باقايلى! مەسىلەن: مىسىرغا قارىساق، ئەللىك-ئاتمىشىنچى يىللاردا قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدەك

داڭلىق بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا بىر تال مەسجىدمۇ يوقكەنتۇق. تۇنجى بولۇپ ھەسەنۇلبەننانىڭ تەربىيەسىنى ئالغان بىر نەچچە ئادەم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھويلىسىدىكى كەڭرى سەيناغا گىلەم سېلىپ ناماز ئوقۇشقا ھازىرلانغىنىدا، ئۇنىۋېرسىتېتتىكىلەر: بۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قارىغان ئىكەن. ئويلاپ بېقىڭلار، بۇرۇندىن تارتىپ خەلىپىلىك ئاستىدا تۇرغان، ئىسلام دۆلىتى دەپ قارالغان بىر دۆلەت، ئەللىك-ئاتمىشىنچى يىللىرى كەلگەندە، بىر ئادەم ناماز ئوقۇيمەن دېسە ھەيرانلىق كۆزى بىلەن قارايدىغان ھالەتكە يەتكەن، بىر ئۇنىۋېرسىتېت تەۋەسىدە ياغلىق ئارتقان قىز بالىدىن پەقەت ھەسەنۇلبەننانىڭ قىزىلا بار ئىكەنتۇق. سۇبھاناللاھ ! يۇرتىمىزدىمۇ ئۇ ۋاقىتلاردا شۇنداق بولغان! ئەمما بۈگۈنكى كۈندە، بۇرۇن يوق ھىجاپلار كۆزىمىزگە كۆرۈنۈۋاتىدۇ، بۇرۇن يوق ساقاللار ھەر ياش-ياش بۇرادەرلەردە قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇرۇن تولمايدىغان مەسجىتلىرىمىز ئادەملەرگە تولۇۋاتىدۇ. يەنە بۇنىڭ

يارقىن ئىپادىلىرىدىن بىرى: ھەرەمگە بارىدىغان ئادەملەرنىڭ يىلدىن-يىلغا كۆپەيگەنلىك سەۋەبىدىن مەسچىت ھەرەمنىڭ تار كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ ئومۇمىي ھالىتىدە مۇسۇلمانلاردا بىر ئويغىنىش بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ۋە ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئىسلامغا بولغان قارشىلىقلارنىڭ كۈچەيگەنلىكىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

ئەتراپىتىكى دۆلەتلەرگە قاراپ بېقىڭلار! خەلىپىلىك ئۆرۈلگەندىن كېيىن پۈتۈن دۆلەتلەرنى غەرب ئورۇنلاشتۇرغان ئىلمانىيلار ئىگىلىۋالغان . بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ھەممە ئادەم ئۆز رەئىسىنى ئەركىن سايلىشى كېرەك دەيدىغان دېموكراتىيە پەيدا بولۇپ، شۇنداقلا سايلام ئۆتكۈزۈلىۋېدى، تۇنىس، مىسىر، ماراكەش ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە خەلقلەر مۇسۇلمان لىدىرلەنى تاللىدى. غەرب ئۆزى دېموكراتىيە، دۆلەتنىڭ رەئىسى دېگەن سايلام بىلەن چىقىشى

كېرەك، ئۇنىداق مۇنىداق دېگەن بىلەن، مۇسۇلمانلار "ئىسلام دىنى دۆلىتىمىزنى باشقۇرالايدۇ" دەپ ھەقىقىي مۇسۇلماننى رەھبەر قىلىپ تاللىغاندا بولسا چىدىيالمىدى.

ھەر يىلى مىسىردا خەلقئارالىق كىتاب كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەممە تەرەپتىن كىتابلار كېلىدۇ، لېكىن قاراپ باقساڭلار كۆپ سانلىقى دىنى كىتاب. تورادا ئادەم ئەك ئاۋات بولىدىغىنى ئىسلامىي تور بېكەتلەر بولۇپ، شۇڭا تاقاۋاتىدۇ. بىرسى ئېچىلىپ شۇنداقلا ئادەم كۆپەيسە دەرھال تاقايدۇ، يەنە بىرسى ئېچىلىپ، شۇنداقلا ئادەم كۆپەيسە يەنە دەرھال تاقايدۇ. ئەسلى ھەقىقىي ئەركەك بولسا: سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ دىنىغا دەۋەت قىل! مەنمۇ ئازدۇرۇپ باقاي! نوچى بولساڭ كېلىشەيلى دېسە، مەيدانغا چۈشكىلى بىز تەييار. قورال ئالمايمىز، قارشى تۇرمايمىز، پەقەتلا دەۋەتلا قىلىمىز. رادىيو-تېلېۋىزىيە، گېزىت-ژۇرناللار شۇلارنىڭ قولىدا. بىزگە پەقەت تورنىلا بەرسە، مەسچىتنىڭ مۇنبىرىنىلا بەرسە يېتەتتى.

دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك دىنسىزلىق ئاپتى كەڭ تارقالغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى ئىسلام دۆلەتلىرىگە قارىساڭلار، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دۆلەتلىرى دەپ ئاتالغان بىلەن خەلقى مۇسۇلمان بولسىمۇ، خەلىپە ئۆزۈلگەندىن كېيىن ئاساسەن ئىسلامىي ھۆكۈمەت چىقىپ باقمىدى. ئەمما ئەلھەمدۇلىللاھ! يېقىندىن بېرى بانكا، تېلېۋىزىيە پىروگراممىسى، ۋەھاكازالار قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ.

تېخى يېقىنقى زامان تارىخىدا ئافغانىستانغا رۇس ھۇجۇم قىلىپ كىردى. 10 يىل ئۇرۇش قىلىپ، ئېلىپ كىرگەن 100 مىڭ ئەسكىرىدىن 15 مىڭ ئەسكىرىنىڭ جەستى ئافغانىستاندا قالدى. ھەرگىزمۇ بۇنى ئافغانىستاننىڭ ئېگىز تاغلىرىغا كېلىشەلمىدى ياكى باشقا سەۋەبلەردىن دېگىلى بولمايدۇ. بەلكى شۇ يەردىكى ئىسلام تەربىيەلەپ چىققان ئافغان مۇجاھىدلىرى قوغلاپ چىقاردى. ئامېرىكىمۇ كىرگىلى 10 يىلدىن ئېشىپ كەتتى، تايىقنى يەۋاتىدۇ، بولالمايۋاتىدۇ. ھېلىھەم تېخى

ئافغانىستاننىڭ 90% ئەتراپى تالىبانلارنىڭ قولىدا دېگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. كېيىن نېمە بولىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئامېرىكىغا قاراپ باقساق، 90- يىللاردىكى ئىستاتىستىكىدا نەچچە مىڭ مۇسۇلمان بار دەپ يېزىلغان. 2000- يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدىكى بىر ئىستاتىستىكىدا 8 مىليون، يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا 16 مىليون مۇسۇلمان بارلىقى سۆزلىنىۋاتىدۇ. دېمەك، ھەممەيلەن ئۆزىمىزگە ئىشەنچ قىلىشىمىز كېرەك، بىز دۇنيادىكى ئەڭ تېز كۆپىيىۋاتقان دىنىنىڭ ساھىبلىرى دەپ پەخىرلىنىشىمىز كېرەك، غەلىبىنى كۈتۈشىمىز كېرەك، ئۈمىدلىنىشىمىز كېرەك!

7- دۈشمەنلىرىمىز مەسىلىسى.

بىز مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىمىزنى بەك چوڭ ئويلاپ كېتىمىز. بىر تەرەپكە قارىساق يەھۇدىي، بىر تەرەپتە كوممۇنىست بار، قۇرئان يەھۇدىيلار توغرۇلۇق: ﴿ضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ أَيْنَ مَا ثُقِفُوا إِلَّا بِحَبْلٍ

مِّنَ اللَّهِ وَحَبْلٍ مِّنَ النَّاسِ﴾[1] «ئۇلارنىڭ قەيەردە بولمىسۇن ئاللاھنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلىرىدىن باشقىلىرى خارلىققا پېتىپ قالدى» مانا بۇ ئايەتتىن كۆرۈۋالالايمىزكى، يەھۇدىيلار مەلۇم مەزگىل مەلۇم كىشىلەرنىڭ ياردىمى ۋە ئاللاھنىڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشكەندەك قىلغان بىلەن پېشانىسىغا خارلىق تامغىسى بېسىلىپ كەتكەن كىشىلەر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرۇلۇق: ﴿لَا يُقَاتِلُونَكُمْ جَمِيعًا إِلَّا فِي قُرًى مُّحَصَّنَةٍ أَوْ مِن وَرَاءِ جُدُرٍ﴾[2] «ئۇلار پەقەت مۇستەھكەم شەھەر ئىچىدە ياكى تاملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن سىلەرگە قارشى بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلالايدۇ» دەۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەھۇدىيلار تارىختىن بۇيان ھازىرغا قەدەر بىرەر جەڭدە ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئۇرۇشۇپ باققان ئەمەس، بەلكى بىرونېۋىك ، تانكا ياكى مەلۇم بىر مۇداپىئە قوراللىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ھىيلە-

[1] سۈرە ئال ئىمران 112- ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] سۈرە ھەشر 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى

مىكىر ۋە سۇيىقەستلەر بىلەن، ئاياللارنى ياكى پۇلنى ئىشقا سېلىپ تۇرۇپ ئۇرۇشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلاردىن بەكرەك ھاياتقا ئامراق ئادەملەر يوق. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَتَجِدَنَّهُمْ أَحْرَصَ النَّاسِ عَلَىٰ حَيَاةٍ وَمِنَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا﴾ «شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىس كۆرىسەن» دېگەن. ئەكسىچە بىزلەر بولساق، ئۆلۈش ئارقىلىق يەنە بىر ھاياتقا ئالدىرايدىغان ئادەملەر. مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرۇپ دۈشمەندىن نېمانچە قورقۇپ كېتىش بۇ؟! ئەجەبا ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿أَتَخْشَوْنَهُمْ فَاللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَوْهُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾[1] «ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر» دېگەن سۆزىنى ئۇنۇتتۇقمۇ؟! ئەگەر ھەقىقىي مۆئمىن بولساق، قورقۇشقا تېگىشلىك زات ئاللاھتۇر. ئۇلار چوڭراق ئىش قىلسا ئۆلتۈرىدۇ شۇ، باشقا ئىش يوق. ئۆلتۈردى

[1] سۈرە تەۋبە 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى

دېــــگەن گەپ ئەســــلىدە بىزنىــــڭ يوقىلىشــــىمىز بولماســتىن، بەلكــى بىزنىــڭ يېڭــى بىــر ھاياتقــا قەدەم ئېلىشـــىمىزدۇر. بىزنـــى ئۆلتـــۈردى دېگەنلىـــك، بـــۇ دۇنيانىــڭ چېگراســىدىن چىقىشــىمىز ئۈچــۈن پاســپورت بەردى ۋە بىزنـــى مەقســـىتىمىزگە يەتكـــۈزدى دېگەنلىـــك بولىدۇ.

﴿قَـاتِلُوهُمْ يُعَـذِّبْهُمُ اللَّـهُ بِأَيْـدِيكُمْ وَيُخْـزِهِمْ وَيَنصُـرْكُمْ عَلَـيْهِمْ وَيَشْـفِ صُـدُورَ قَـوْمٍ مُّـؤْمِنِينَ * وَيُـذْهِبْ غَـيْظَ قُلُـوبِهِمْ وَيَتُـوبُ اللَّـهُ عَلَـىٰ مَـن يَشَـاءُ وَاللَّـهُ عَلِـيمٌ حَكِيمٌ﴾[1] «ئۇلارغــا ئــۇرۇش ئــېچىڭلار، ئــاللاھ ئــۇلارنى سـىلەرنىڭ قولـۇڭلار بىـلەن جازالايـدۇ. ئـاللاھ ئـۇلارنى خــار قىلىــدۇ، ئــاللاھ ســىلەرنى ئــۇلار ئۈســتىدىن غالىــب قىلىــدۇ. (ئىســلام دىنىنــى ئۈســتۈن قىلىــپ، كــاپىرلارنى جــازالاپ) مــۇئمىن قوۋمنىــڭ كــۆڭلىگە شــىپالىق (يەنــى تەســـەللى) بېرىـــدۇ. ھەم ئـــۇلارنى دىللىرىـــدىكى ئــاچچىقتىن خــالاس قىلىــدۇ. ئــاللاھ خالىغــان ئــادەمنى تەۋبىــگە مــۇۋەپپەق قىلىــدۇ. ئــاللاھ ھەممىنــى بىلىــپ

[1] سۈرە تەۋبە 14، 15- ئايەت

تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».
شۇڭلاشقا دۈشمەندىن ئۈنداق قورقۇپ كېتىش كەتمەيدۇ. ئۇلار بىز ئويلىغاندەك ئۈنچىۋالا كۈچلۈكمۇ ئەمەس. ئۇلارنىڭ روھىي-مەنىۋىيىتى ئۇ دەرىجىدە يۇقىرىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىچارە ئادەملەردۇر.

كۆردۇققۇ! ئامېرىكا، خەرىتىدىمۇ كۆرۈنمەيدىغان دۆلەت ۋىيېتنامدا 59 مىڭ ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ يېڭىلىپ چىقتى. بۇ بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس. سومالى ۋە لىۋاندىمۇ شۇنداق بولغىنىنى كۆردۇق.

روسىيەدەك شۇنچە ھەيۋەتلىك، گىگانت بىر دۆلەتنىڭ چېرنوبىل ئاتوم-ئېلېكتىر ئىستانسىسى بىر پارتلاش بىلەنلا نەچچە مىڭ گېكتار يەرنى بۇلغاپ، بۇلارنىڭ ئىشىمۇ سۇغا چىلاشتى.

ئامېرىكا ھەممىگە قادىر، ئەڭ مۇكەممەل دەپ نام قويغان چىنالچىر دەپ ئاتايدىغان سۈنئىي ھەمراسىنى قويۇپ بېرىپ 3 سېكۇنتتىن كېيىن كۆز ئالدىدىلا ۋەيران بولدى.

ئامېرىكىــــدىكى نىئوئورىنــــاز دەپ بىــــر شـــەھەر بولــــدىغان، 1995- يىلـــى ئىككـــى ســـائەتتىلا پۈتـــۈن شـــەھەر چۆكـــۈپ كەتتـــى. بۇلارنىـــڭ بىـــزگە دېمىـــگەن ئىچىدىكى ھەسرەتلىرى بەك كۆپ.

قۇرئـــان كەرىمـــدە: ﴿فَفَتَحْنَـا أَبْـوَابَ السَّـمَاءِ بِمَـاءٍ مُّنْهَمِـرٍ * وَفَجَّـرْنَا الْأَرْضَ عُيُـونًا فَـالْتَقَى الْمَـاءُ عَلَـىٰ أَمْـرٍ قَـدْ قُدِرَ﴾[1] «ئاســماننىڭ دەرۋازىلىرىنـــى قويۇلـــۇپ يـــاغقۇچى يـــامغۇر بىـــلەن ئېچىۋەتتـــۇق. زېمىنـــدىن بـــۇلاقلارنى ئېتىلــــدۇرۇپ چىقـــاردۇق، (ئـــاللاھ تەقـــدىر قىلغـــان ئـــۇلارنى غەرق قىلىـــپ ھـــالاك قىلىـــش) ئىشـــغا بىنـــائەن، يـــامغۇر ســـۈيى بىـــلەن بـــۇلاق ســـۈيى (بىـــر - بىـــرىگە) قوشۇلدى» دېدى.

ئاللاھنىـــڭ قوشـــۇنى ئىنتـــايىن كۈچلـــۈك، ۋاقتـــى كېلىـــپ بىزنىـــڭ ســـالاھىيىتىمىز توشســـا ۋە ئـــاللاھقىلا ئەرزىســـەك، دۈشـــمەنلەر ھېچنـــېمە ئەمەس. ئۇنىڭـــدىن خاتىرجەم بولساڭلار بولىدۇ.

[1] سۈرە قەمەر 11، 12- ئايەت

يۇقىرىدىكىسى دۆشمەنلىرىمىزنىڭ سىرتقى تەرىپى بولسا، ئەمدى ئىچكى تەرىپىگە قاراپ باقايلى:

خىتاينىڭ ئەھۋالىنى دېمىسەمۇ ھەممەيلەنگە ئايان. ئامېرىكىغا قارىساق، ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە 55% ئامېرىكىلىق ياشلار زىنا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مۇشۇ 55% نىڭ 80% چوڭ شەھەر، 20% يېزا ئەتراپىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى 33% 18ياشتىن تۆۋەن.

ھەر يىلى 18 ياشتىن تۆۋەن توي قىلماي تۇرۇپ ھامىلىدار بولىدىغانلار تەخمىنەن 350 مىڭ ئەتراپىدا.

- 24% ئائىلىدە دادا يوق. دادىسىنى ئۇقمايدۇ.
- 40% قورامىغا يەتكەن بالىلار زەھەرلىك چېكىملىكنى سىناپ باققان.

ھاراق مەسىلىسىغۇ ئېنىق مەسىلە. ئۇنى سان-ساناقسىز ئىچىۋېرىدۇ. بۇ ئىچكى جەھەتتىن پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەن بىر ھالەت.

- داللاس شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىستاتىستىكىدا 98- يىلدىن 99- يىلغىچە بىر يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار دېلوسى 70% ئاشقان.
- ھەر يىلى 32 مىڭ ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

ئويلاپ بېقىڭلار! مۇشۇنداق چىرىپ كەتكەن ئادەملەردىن قورقۇپ نېمە كەپتۇ؟ بىزنىڭ ئۇلاردىن پەۋقۇلئاددە قورقۇپ كېتىشىمىز ۋە كۆزىمىزگە بەك چوڭ كۆرۈنۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى: ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنىڭ بوشلۇقىدا. ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىز سالاھىيىتىمىزنى ھازىرلاپ، ئۆزىمىزدە ھەقىقىي ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، ئىلىم-پەن بىلىملىرى بىلەن قوراللىنىپ، دۇنياغا لايىق رەۋىشتە يېتىلسەك، دۈشمەنلەر چوڭ مەسىلە ئەمەس.

ئۇلارنىڭ فىلىملىرىدە ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىدا بىزگە كۆرسەتكەن مۇبالىغە كۆرۈنۈشلىرى ۋە بەزى فىلىملىرىدە يوق قوراللارنىمۇ ياساپ چىقارغىنىغا

قاراپ ئۇنىڭدىن بەك ھەيران قېلىپ، مەيۈسلىنىپ كېتىش كەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ﴿لَا يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ الَّذِينَ كَفَرُوا فِي الْبِلَادِ﴾[1] «كاپىرلارنىڭ (پۇل - مال، ئابرۇي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن» ﴿مَتَاعٌ قَلِيلٌ ثُمَّ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمِهَادُ﴾[2] «بۇ ئازغىنە بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك!» ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَبَقُوا إِنَّهُمْ لَا يُعْجِزُونَ﴾[3] «كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دەۋاتىدۇ. دېمەك، مەسىلە بىزدە. بىزلا ئوڭشالساق ئۇلارنىڭ مەسىلىسى ئويلىشىدىغان مەسىلە ئەمەس.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 196- ئايەت
[2] سۈرە ئال ئىمران 197- ئايەت
[3] سۈرە ئەنفال 59- ئايەت

دۈشمەننى ھەددىدىن زىيادە چوڭ چاغلاپ كەتمەيلى. چۈنكى بۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بەك چۈشكۈن. بۇلارنى ئوخشىتىش توغرا كەلسە، پادىچى قويلىرىنىڭ ئىچىدە بويسۇنمىغانلارنى جازالاش ئۈچۈنلا قويغان ئىتقا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئەگەر قويلارنىڭ ھەممىسى بويسۇنسا ئىتقا ئېھتىياج يوق. ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ ھەقىقىي بەندىسى بولساق، ئۇلار دۇنيادا قالمايدۇ. ئۇلار پەقەت ۋاقتىنچە بىزنى جازالايدىغان تاياق.

8- نۇقتا: غەلىبە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپ كەلمەيدۇ.

ئىسلام چۈشەنچىسىدىكى غەلىبە ، چوقۇم مەلۇم مەزگىللىك تىرىشچانلىقتىن كېيىن بولىدۇ. ئۇنى يىل، ئاي، كۈن ياكى بىرەر ئەسىر بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. بەلكى ئاللاھ بېكىتكەن ئۆز ۋاقتىدا كېلىدۇ. شۇڭا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىمۇ نەچچە ئون يىل، نەچچە يۈز يىل ئۆتۈپ ئۈمىد ئۈزۈلۈپ: ئەمدى تۈگەشتۇق، بۇلار بىزگە ئىشەنمىدى

دېــــگەن ۋاقىتتــــا ئاللاھنىـــــڭ يـــــاردىمى كەلـــــگەن. ئاللاھتائـــالا بـــۇ ھەقـــتە: ﴿حَتَّىٰ إِذَا اسْتَيْأَسَ الرُّسُلُ وَظَنُّوا أَنَّهُمْ قَدْ كُذِبُوا جَاءَهُمْ نَصْرُنَا فَنُجِّيَ مَن نَّشَاءُ ۖ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُنَا عَنِ الْقَوْمِ الْمُجْرِمِينَ﴾[1] «ھەتتـــا پەيغەمـــبەرلەر (قوۋمىنىـــڭ ئىمـــان ئېيتىشـــىدىن) ئۈمىدســـىزلەنگەن ۋە قـــوۋمى تەرىپـــىدىن) يالغانغـــا چىقىرىلغانلىقىغـــا جەزم قىلغـــان چاغـــدا، ئۇلارغـــا بىزنىـــڭ يـــاردىمىمىز يېتىـــپ كەلـــدى، بىـــز خالىغـــان ئـــادەملەرنى قۇتقـــۇزدۇق، بىزنىـــڭ ئـــازابىمىز گۇناھكـــار قەۋمـــدىن قايتۇرۇلمايـــدۇ» ۋە يەنە: ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِن قَبْلِكُم ۖ مَّسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّىٰ يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَىٰ نَصْرُ اللَّهِ ۗ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ﴾[2] «ســـىلەر تېخـــى ئىلگـــىرىكىلەر ئۇچرىغـــــان كـــۈلپەتلەرگە ئۇچرىمـــاي تـــۇرۇپ جەنـــنەتكە كىرىشـــنى ئويلامســـىلەر؟ ســـىلەردىن ئىلگـــىرى ئـــۆتكەن (مـــۇئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغـــــا، كـــــۈلپەتلەرگە ئۇچرىغـــــان ۋە چۆچـــۈۋېتىلگەن ئـــــدى، ھەتتـــــا پەيغەمـــــبەر ۋە

[1] سۈرە يۈسۈف 110- ئايەت

[2] سۈرە بەقەرە 214- ئايەت

مۇئمىنلەر: ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟- دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر» دەيدۇ.

كىتابلاردا ئەھزاب ئۇرۇشى توغرىسىدىكى تارىخلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنى ئادەتتىكى بىر ئۇرۇش ھېكايىسى سۈپىتىدە پەرۋاسىزلارچە ئوقۇپ قويغىنىمىز بىلەن، تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق، ئۇ ۋاقىتتا مەدىنىدە رەسۇلۇللاھ ۋە مۇسۇلمانلار سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز ئىدى. پۈتۈن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى بىر پۈتۈن يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن قورشاپ كەلدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا مېھمان بولغىلى ئەمەس، بەلكى ئۆلتۈرگىلى كەلگەن ئىدى. ئەگەر دۈشمەنلەر غەلىبە قىلىپلا قالسا، مۇسۇلمانلار جان ۋە مال-مۈلۈكتىن ئايرىلىپ، ئىززەت-ئابرۇي يەر بىلەن يەكسان بولاتتى. بۇ ئىنتايىن ئېغىر بىر مۇسىبەت. شۇ ۋاقىتنى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە سۈپەتلەپ: ﴿إِذْ جَاءُوكُم مِّن فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنكُمْ وَإِذْ زَاغَتِ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ

الْقُلُـوبُ الْحَنَـاجِرَ وَتَظُنُّـونَ بِاللَّـهِ الظُّنُـونَا﴾[1] « ئەينـى ۋاقىتتـا ئـۇلار يـۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمـۇ، تـۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمـۇ (ھۇجـۇم قىلـىپ) كەلـگەن ئـىدى. بـۇ چاغـدا كـۆزۈڭلار چەكچىيىـپ قالغـان، يـۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغـا قاپلىشـىپ قالغـان، ئـاللاھ ھەققـىدە تۈرلـۈك گۇمـانلاردا بولغـان ئـىدىڭلار» ﴿هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُـونَ وَزُلْزِلُـوا زِلْـزَالًا شَـدِيدًا﴾[2] «بـۇ يەردە مـۇئمىنلەر سـىنالغان ۋە (بىشـىغا كەلـگەن كۈنىـڭ قاتتىقلىقـىدىن گويـا ئـۇلارنى يەر سـىلكىگەندەك) قـاتتىق تەۋرىنىشـكە ئۇچرىغـان ئـىدى» دەيـدۇ. مۇسـۇلمانلار مۇشـۇنداق ئىغىـر بىـر ھـالەتنى باشـتىن ئۆتكۈزگەنـدىن كىيىن، ئاللاھنىـڭ نۇسـرىتى كىلىـپ غەلىـبە قىلغـان ئـىدى. دىـمەك، ئاللاھنىـڭ غەلىبىسـى ئۇنـداق ئاسـانلا كىلىـپ قالمايدۇ.

9- نۇقتـا: ئـاللاھ غەلىـبىگە بەندىـدەك ئالدىرىمايدۇ.

---

[1] سۈرە ئەھزاب 10- ئايەت
[2] سۈرە ئەھزاب 11- ئايەت

غەلىبە كېچىكىپ كەتتى دەپ ئويلاپ قالغانلار بىلسۇنكى، ئاللاھ بېكىتكەن قانۇنىيەتتە غەلىبە ئالدىراپ كەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ بىزنى يېتىلدۈرۈپ، پىشقان مۇسۇلمانلارنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى. ئەكسىچە خام ئادەملەر ئوتتۇرىغا چىقسا تۆت كۈندە ئىش بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئالدىرىمايدۇ. نەچچە يىل، ھەتتا نەچچە ئەسىر چېنىقىپ، پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، تەۋرەنمەس بىر ئۈممەت مەيدانغا كېلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە راۋرۇس چېنىقىپ چىققان ئۈممەت ئون ئۈچ ئەسىر يەتتى. يۈز يىل بولدى چېنىقىۋاتىمىز، سىنىلىۋاتىمىز، يېتىلىۋاتىمىز. مۇكەممەل يېتىشىپ چىقساق، يەنە بىر-ئىككى مىڭ يىللىق كەلگۈسىمىزنى قۇرۇپ چىقالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ زۇلۇمدىن قىلغان شىكايەتلىرىگە بەرگەن جاۋابىدىنمۇ بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ سايىسىدا

ئۆزىنىڭ چاپىنىنى ياستۇق قىلىپ يېتىۋاتقىنىدا، خەبباب رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ شىكايەت قىلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! مۇشرىكلارنىڭ خاپىلىق-ئەزىيەتلىرى بەك ئېغىرلاپ، بىزنى يامان قىيناپ كەتتى. سىلى پەيغەمبەر بولغاندىكىن ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، بىزگە بىر دۇئا قىلمامىلا؟ نېمانچە خاپىلىق، نېمانچە ئەزىيەت بۇ! قامچىلاش، ئۆلتۈرۈش، كۆيدۈرۈش، ئېسىش . . . دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: سىلەردىن ئىلگىرىكى ئادەملەر يەر كولىنىپ، شۇ يەرگە سولىناتتى، ئاندىن ھەرە ئەكېلىپ بېشىنى كېسىپ ئىككى پارچە قىلىناتتى، تۆمۈر تارغاقلار بىلەن ئۇنىڭ گۆشى سۆڭىكىدىن ئايرىلاتتى. بۇ قىيناشلار ئۇلارنى دىنىدىن قايتۇرالمىغان. ئاللاھ بىلەن قەسەم، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى ، يولۇچى ئاللاھتىن باشقىدىن قورقماي ۋە پادىلىرىغا بۆرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرىمەستىن سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە سەپەر قىلالايدۇ. لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر- دېدى. رەسۇلۇللاھ شۇ ۋاقىتتا: زادى دۇئا قىلاي،

سىلەر ھەقىقەتەن بەك قىينىلىپ كېتىپسىلەر دېدىمۇ؟ ياق، ئۇنداق دېمىدى. چۈنكى بىر ئىشنىڭ ھەقىقىي روياپقا چىقىشى ئۈچۈن پىشىپ يېتىلگەن بىر ئۇممەت بولۇشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچە ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن كېيىنمۇ: ئالدىراۋاتىسىلەر! دەۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ مال-دۇنياسى مۇشرىكلار تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان، نۇرغۇنلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيى دەپسەندە قىلىنغان، يەنە نۇرغۇنلىرى بولسا، يۇرت-ماكانلىرىدىن ھەيدەلگەن. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ سەبىر بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇشقا ئۈندىگەن.

بىز مىللەت خاراكتېرلىك، بەلكى ئۇممەت خاراكتېرلىك چېنىقتۇرۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان سىناقلارغا ئۇچراپ تاۋلانغاندىن كېيىن نۇسرەت كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئىسىمىزدە بولۇشى كېرەك! شۇڭا غەلىبىنىڭ مېۋىسىنى مەن كۆرىمەن دەپ ئويلىساڭلار

خاتالاشقان بولىسىلەر. سىلەر كۆرەلىشىڭلار مۇمكىن، بالاڭلار ياكى نەۋرەڭلار كۆرەلىشى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر كۆرەلىشى مۇمكىن. ئەمما چوقۇم مۇسۇلمان مىللەتلىرى راۋرۇس چېنىقىپ پىشىپ يېتىلىپ، يەر شارىدا ئىسلامغا ۋاكالىتەن مەيدانغا چىقسا، باشقىلار: ئىسلام دېگەن ماۋۇكەن! مۇسۇلمان دېگەن ماۋۇكەن! دېگۈدەك ھالەتكە كەلمىگىچە ئاللاھ بىزگە غەلىبە بەرمەيدۇ.

10- بىزگە بېرىلىدىغان ئەجىر ھەرگىزمۇ غەلىبىگە باغلانمايدۇ.

خۇددى غەلىبە قىلمىساق ئەجىر بېرىلمەيدىغاندەك، "غەلىبە قىلالمىساق قانداق بولىدۇ!؟" دەپ ئويلاپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە دۇنيادا قىلىنىۋاتقان ھەربىر ئىشىمىزدىن بولغان مەقسەت، ئەجىرگە ئېرىشىش. ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسى چىقمىسا، بىزگە ئەجىر بېرىلمەيدۇ دەپ ئويلىۋالساق خاتالاشقان بولىمىز. ئەجىر نەتىجىگە ئەمەس،

قىلغــان ئىشــىمىزغا بېرىلىــدۇ. مەيلــى ئەتراپىمىــزدىكىلەر قىلســۇن-قىلمىســۇن، ســەن كۆپچىلىــك بىــلەن بىلــلە قىــل يــاكى يــالغۇز قىــل، نــېمە ئىــش قىلســاڭ شــۇنىڭغا ئەجىــر بېرىلىــدۇ. غەلىــبە كــېلىش-كەلمەســلىك ئــۇ باشقا مەسىلە.

شــۇڭا قۇرئــان كەرىمــدە: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾[1] «ئەر - ئايــــال مــۇئمىنلەردىن كىمكــى ياخشــى ئەمەل قىلىــدىكەن، بىــز ئــۇنى ئەلــۋەتتە (دۇنيانىــڭ قانائەتچــانلىق، هــالال رىزىــق ۋە ياخشــى ئەمەلــلەرگە مــۇۋەپپەق قىلىــپ) ئوبــدان ياشــىتىمىز، ئۇلارغــا، ئەلــۋەتتە، قىلغــان ئەمەلىــدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» دېگەن.

قىلغــان ئىشــىڭ ياخشــى بولغانســېرى ئەجرىــڭ كاتتــا بولىــدۇ. تىرىشــچانلىقىڭ ئاشقانســېرى ســاۋابىڭ ئېشــىپ بارىــدۇ. گەرچە ســەن غەلىبىنــى ئــۆز كــۆزۈڭ بىــلەن كۆرەلمىســەڭمۇ بــالاڭ كۆرىــدۇ، دوســت-

[1] سۈرە نەهل 97- ئايەت

يارەنلىرىنىڭ كۆرىدۇ. ئەمما شۇ نۇقتا ئېسىڭدە بولسۇنكى: قەلبىڭدىن غەلىبىگە ۋە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچ يوقاپ كەتسە، ساۋابتىن مەھرۇم قالىسەن ھەمدە ئېنىقلا غەلىبىگە ئېرىشەلمەيسەن.

ئويلاپ باقايلى! يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەھزاب ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ قەدەر قورقۇنچ ئىچىدە بولۇشقا قارىماستىن، خەندەك كولاۋاتقان ۋاقىتتا بازغان بىلەن تاشقا بىر ئۇرۇپ: "ماڭا شامنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە شامنىڭ قىزىل قەسىرلىرىگە قاراۋاتىمەن" دېدى. يەنە بىرنى ئۇرۇپ: "ئاللاھۇ ئەكبەر! پارسلار قولۇمغا چۈشتى، مەن ھازىر مەدائىننىڭ قەسىرلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن" دېدى. ئۈچىنچى قېتىم بىرنى ئۇرۇپ: ئاللاھۇ ئەكبەر! ماڭا يەمەننىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. مەن ھازىر سەنئانىڭ ئىشىكلىرىگە، مۇشۇ ئورۇندا تۇرۇپ قاراۋاتىمەن-دېدى.

ئەگەر مەن ھازىر: ئامېرىكىدىكى ئاقساراي قولۇمغا چۈشتى، دېسەم كۈلۈپ كېتىسىلەر.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامغا نىســبەتەن بــۇ بەك چــوڭ گەپ ئىــدى. ئەممـــا ســاھابىلەردە شــۇ قەدەر ئىشــەنچ بولغاچقـــا، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ ســـۆزىگە قىلــچە شــەك قىلمىغــان ئىــدى. كېــيىن بــۇ ئىشــلار رېئاللىققــا ئايلانــدى. دېــمەك، ئىشــەنچىنىڭ بولۇشــى بەك مــۇھىم. ئىشــەنچ بولســىلا قالغــان ئىشــلار ھەل بولىدۇ.

11- نۇقتـــا: ئۆزۈڭنىـــڭ ئـــادەتتىكى ئـــادەم ئەمەسلىكىڭنى بىلىشىڭ كېرەك!

ســەن ئــادەتتىكى ئــادەم ئەمەس. قۇرئــان كەرىــم بـــۇ ھەقـــتە: ﴿وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾[1] «(جىھــادتىن) بوشىشــپ قالمــاڭلار، شــېھىت بولغـــانلار ئۈچـــۈن قايغۇرمـــاڭلار، ئەگەر مـــۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر» دېگەن.

بــۇ ئــايەت، ئۇھــۇد جېڭىــدە مۇســۇلمانلار ئېغىــر مەغلــۇبىيەتكە ئــۇچراپ ناھــايىتى ئېچىنىشــلىق بىــر

[1] سۈرە ئال ئىمران 139- ئايەت

ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋاقتتا نازىل بولغان بولۇپ، شۇنچە مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئاللاھتائالا: سەن يۈكسەك ئورۇندىسەن، ئۆزۈڭنى يۇقىرى تۇت-دەيدۇ.

بىز دۇنياغا خىتاب قىلىپ دېيىشىمىز كېرەككى: ئەي مۇسۇلمانلار! سىلەر بۈيۈك، سىلەر ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا. چۈنكى سىلەرنىڭ ئىگەڭلار ئاللاھ! ئىلاھىڭلار ئاللاھ بولغان ئىكەن "بىز ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەس" دېگەن سۆزنى قورقماي دېيىشىڭلار كېرەك ! ﴿وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُعْجِزَهُ مِن شَيْءٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ إِنَّهُ كَانَ عَلِيمًا قَدِيرًا﴾[1] «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھنى ئىلاجسىز قالدۇرالمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.»

يەنە شۇنداق دېيەلەيمىزكى : سىلەر شۇنچىلىك يۇقىرى ئادەملەركى، پەيغەمبىرىڭلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان مۇھەممەد

---

[1] سۈرە فاتىر 44- ئايەت

ئەلەيھىسسالامدۇر. قولـۇڭلاردا كىتابلارنىڭ ئەڭ مۇقەددىسى بولغان قۇرئان كەرىم بار. مەيلى دىن، دۇنيا، ئەقىل، روھىي ۋە جىسمانىي تەرەپلەردىن بولسۇن، قۇرئاندا بىز ئېھتىياجلىق بارلىق مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنغان. سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلار ئىسلام، سىلەر دۇنيا مىقياسىدىكى ئەخلاق ئۆگەتكۈچىلەر، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەنكى: "إنَّما بُعِثْتُ لأُتَمِّمَ مَكارِمَ الأخلاق"[1] «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم».

ئاراڭلاردا شۇ قەدەر مۇستەھكەم بىر مۇناسىۋەت باركى، سىلەر ئاجايىپ ئىتتىپاق ئادەملەر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ لَوْ أَنفَقْتَ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مَّا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ إِنَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾[2] «ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى

1

[2] سۈرە ئەنفال 63- ئايەت

بىرلەشتۈرەلمەيتتى؛ لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

مالائىكىلەر سىلەرگە ھەر دائىم ياردەم بېرىپ تۇرىدۇ. ﴿إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلَائِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا الَّذِينَ آمَنُوا﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار».

سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردا خاتىرجەملىك بار. ﴿وَمَا جَعَلَهُ اللَّهُ إِلَّا بُشْرَىٰ وَلِتَطْمَئِنَّ بِهِ قُلُوبُكُمْ وَمَا النَّصْرُ إِلَّا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾[2] «ئاللاھ سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت ئاللاھ

[1] سۈرە ئەنفال 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] سۈرە ئەنفال 10- ئايەت

تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

سىلەر ئاللاھ تەرىپىدىن جەننەت ۋەدە قىلىنغان كىشىلەر. سىلەرگە كەلگۈسىدە بېرىلگەن ۋەدە: جەننەت. دېيىشكەنلەر كىبىرەك! ﴿إِنَّهُ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْ عِبَادِي يَقُولُونَ رَبَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن» دەيتتى» ﴿فَاتَّخَذْتُمُوهُمْ سِخْرِيًّا حَتَّىٰ أَنسَوْكُمْ ذِكْرِي وَكُنتُم مِّنْهُمْ تَضْحَكُونَ﴾[2] «ئۇلارنى مەسخىرە قىلدىڭلار، ھەتتا ئۇلار سىلەرگە مېنىڭ زىكرىمنى ئۇنتۇلدۇردى (يەنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ماڭا ئىتائەت قىلىشنى ئۇنتۇدۇڭلار)، سىلەر ئۇلاردىن كۈلەتتىڭلار» ﴿إِنِّي جَزَيْتُهُمُ الْيَوْمَ بِمَا صَبَرُوا أَنَّهُمْ هُمُ

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 109- ئايەت
[2] سۈرە مۇئمىنۇن 110- ئايەت

الْفَـائِزُونَ﴾[1] «(ســــلەردىن يەتـــكەن ئەرزىـــيەتلەرگە) ســـەۋر قىلغـــانلىقلىرى ئۈچـــۈن، مەن ئـــۇلارنى بۈگـــۈن مۇكاپاتلىـــــدىم، ئـــــۇلار ھەقىـــــقەتەن مەقســـــەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»

بىــزگە چوقــۇم جەنــنەت بــار، ئاللاھنىــڭ ۋەدىســى ھەق! شـــۇنىڭ ئۈچـــۈن چوقـــۇم بەرداشـــلىق بېرىشـــىمىز كېــرەك! ئۈمىــدكە تولۇشــىمىز كېــرەك! ئــاخىرقى غەلىــبە بىزگە مەنسۇپ!

بىـــز يـــۇقىرى ئـــاۋازدا مەغـــرۇرانە، ئىشـــەنچكە تولغــان جــاراڭلىق ئــاۋاز بىــلەن مۇســۇلمانلارغا شــۇنى دېيىشـــــىمىز كېرەككـــى: ئەي قېرىندىشـــىم! يىغلىشـــنى ســـۈرتىۋەت، يـــاش تـــۆكمە! ھەقىقـــي ئەركەك يـــاش تۆكمەيـــدۇ. چۈشـــۈپ كەتـــكەن، ســـۇنۇپ كەتـــكەن روھىڭنــى ئېلىــپ تىكلــۈال! بېشــىڭنى كۆتــۈر! كەلگۈســى سېنىڭ، غەلىــبە سېنىڭ، نەتىــجە مــۇئمىنلەرگە، غەلىــبە بەرداشـــلىق بەرگەنــلەرگە مەنســۇپ! قىيىنچىلىقـــتىن كېيىــن قولايلىــق كېلىــدۇ. تــاڭ ئېتىــش ئۈچــۈن چوقــۇم

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 111- ئايەت

زۇلمەتتىنى ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەك! ئاللاھقا ياردەم بەرسەڭ، ئاللاھ ساڭا ياردەم بېرىدۇ. سەن قەيەردە بولساڭ ئاللاھ شۇ يەردە! ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلساڭ ئاللاھ سېنى ئۆز يولىغا باشلايدۇ. ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» بىز شۇنداق دېيەلەيمىز! ھەم شۇنداق دېيىشىمىز كېرەك، ھەم بۇنىدىن كېيىنمۇ شۇنداق دەيمىز.

1439-2017